2010.1

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال


BULAK



# بۇلاق

ISSN 1005-0876

源泉 (布拉克) • BULAK




«مىرئاتى شەرق» ناملىق كىتابنىڭ قوليازمىسىدىن ئېلىنغان سۈرەتلەر

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

31 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 130 - سان



بىچارىگە رەھىم ئەيلىسەڭ، چىققان دۆۋەڭ ئېگىز بولغاي .

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

# بۇلاق

2010 ـ يىللىق 1 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مەئلۇماتۇل ـ ئافاق ........................ ئەمىنىددىنخان ھۇسەينى ھىرەۋى (5)
موللا مۇھەممەدسەئىدنىياز تەرجىمىسى
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
ئەجمەلخان ھەبىبۇللا ھاجى

مىرئاتى شەرئ ........................ غىياسىددىن (32)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى

### مەشھۇر كلاسسىكلار

ئۇبەيدۇللا لۇتفىي توغرىسىدا مۇلاھىزە ........................ ئىمىن تۇرسۇن (43)

### مەشھۇر ئەسەرلەر

جاھىز ۋە ئۇنىڭ «تۇركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى» دېگەن ئەسىرى ھەققىدە ........................ يۇسۇپجان ياسىن (59)

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

كېيىنكى دەۋر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە بۇ دەۋردە شىنجاڭ رايونىدا مەيدانغا كەلگەن نەمۇنىلەر توغرىسىدا
دەسلەپكى ئىزدىنىش ...................... قۇربانجان ئابدۇقادىر، ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (74)
«تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلار ھەققىدە ........................... ئابدۇكېرىم ئابدۇغېنى (82)
چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن توختاملارنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا .............. گۈلئايىم ياقۇپ (92)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

چوغلۇق (چۆچەك) ............................................ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر (98)
سېيىت ھاجى (داستان) ..................................... توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەدتوختى ئەھمەد(107)

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (رەسسام: مەلىك نەبىيېف)
قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: پەرھات ئىبراھىم

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

مەسئۇل كوررېكتورى: زەمىرە پىدائىي

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

خەتتاتلار: ھەبىبۇللاھ ھامۇت زەۋقى، قۇربانجان روزى شەيدائىي، مەمەت نەۋبەت

نەققاش: نۇرئېلى نۇرمۇھەممەد

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)

ئەمىنىددىنخان ھۈسەينى ھىرەۋى

# مەئلۇماتۇل - ئافاق

مولla مۇھەممەدسەئىدنىياز تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
ئەجەملخان ھەبىبۇللا ھاجى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** تۇرپان ئويمانلىقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋادىدا نۇرغۇن ئىلىم - پەن ئەھلى ئۆتكەن. مولla مۇھەممەدسەئىدنىياز شۇلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئىلمىي ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىلىم - پەن تارىخىنى مۇھىم پاكىتلار بىلەن بېيىتىپ ئۆتكەن. ئەپسۇسكى، بۇ نامايەندە ئۇزۇندىن بۇيان ئېچىلمىغان ۋە تەكشۈرۈلمىگەن.

مولla مۇھەممەدسەئىدنىياز 1843 - يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ لۇكچۈن بازىرىدا تۇغۇلغان، بالىلىق چاغلىرىدا لۇكچۈندىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان، كېيىن قەشقەر، كۇچادىكى مەدرىسىلەردە بىلىم ئاشۇرغان. لۇكچۈندىكى خانلىق مەدرىسە ئەينى زاماندا ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يەردە دىنىي ئىلىمدىن باشقا تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەرمۇ دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن. مولla مۇھەممەدسەئىدنىياز كېيىن مۇشۇ مەدرىسىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە مۇدەررىسلىك قىلىپ، 1931 - يىلى 87 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ماھىر ئەدىب، ئۇستا خەتتات، شۇنداقلا ئۇستا تەرجىمان ئىدى.

ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسى «مەئلۇماتۇل - ئافاق» (دۇنيا ھەققىدە مەلۇمات) دېگەن ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدۇر. مۇقەددىمە يېزىلغان بۇ تەرجىمە ئەسەر 627 بەت (باش - ئايىغىدىن 3 — 4 بەت يوقالغان بولۇپ)، مولla مۇھەممەدسەئىدنىيازنىڭ ئۆز قولى بىلەن بىر نۇسخىلا كۆچۈرۈلگەن ۋە لۇكچۈندە 70 — 80 يىل ساقلانغان. بۇ تەرجىمە ئەسەر 19 - ئەسىردە يارىتىلغان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى كونا قوليازمىلار ئىچىدە ئەمەلىي قىممەتكە ۋە تەتقىقات ئەھمىيىتىگە ئىگە بىرىنچى قول ماتېرىيال. «مەئلۇماتۇل - ئافاق» مەشھۇر ئالىم ئەبۇلمەكارىم ئەمىرخان ئوغلى ئەمىنىددىنخان ھۈسەينى ھىرەۋى (16 - ئەسىر)نىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق ۋە غەربتە ئىلمىي نوپۇزى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. كۆپ تەرەپلىملىك بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كىتاب ئۆز زامانىسىدا نۇرغۇن سەيياھلار، تەبىئەتشۇناسلار ۋە تارىخچىلارنىڭ ياخشى قوللانمىسى بولغان. بۇ ئەسەردە جۇڭگو، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەر، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئەھۋالى، 100گە يېقىن شەھەرنىڭ قىياپىتى، كىلىماتى ۋە قاتناش يوللىرى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى بەزى مەزمۇنلار شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى ئۆگىنىشتە، ئوتتۇرا ئەسىر جۇغراپىيىسى، توپونومىيىسى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا خېلى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ كىتاب 2008 - يىلى دۆلەتلىك نادىر قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش تىزىملىكىگە كىردى. ئۇنىڭدا رىۋايەتلەردىن باشقا، ئېنىق تارىخىي ۋەقەلەرمۇ كەڭ بايان قىلىنغان. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادا 14 - ، 15 - ئەسىرلەردە ھۆكۈم سۈرگەن تېمۇرىيلەر خانلىقىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ۋە سودا مۇناسىۋىتى، شاھرۇخ ئەلچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ، بېيجىڭ شەھىرىدە بولغانلىقىغا دائىر تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

قىسقىسى، «مەئلۇماتۇل - ئافاق» بىزنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلىم تەرەققىياتى، جۈملىدىن قەدىمىي ھۆججەتلەر

بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەسەرنىڭ 19 ـ ئەسىردە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىدىن ياخشى چىققانلىقىغا قاراپ، مۇھەممەد سەئىدنىيازنىڭ ناھايىتى بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇش، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ جەۋھىرىنى ئېلىش، راۋان، ئوقۇشلۇق بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىندى. بۇ ئەسەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان خوتەن قەغىزىگە كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا نەستەئلىق نۇسخىدا يېزىلغان قولىيازمىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان نۇرغۇن مەلۇماتلار ئاپتورنىڭ ئەينى دەۋردىكى چۈشەنچىسى ۋە بىلگەنلىرى ئاساسىدا بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ ھازىرقى ئىلمىي چۈشەنچىلەرگە ۋە ئەمەلىي ئەھۋاللارغا پۈتۈنلەي ماس كەلمىشى ناتايىن، شۇڭا بۇنىڭغا نىسبەتەن تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ
نامى بىلەن باشلايمەن

پۈتكۈل ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ئادەملەر، پەرىشتىلەر، جىنلار، ئاي، كۈن، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، دەريالار ۋە جىمى ھايۋاناتلارنى ئاپىرىدە قىلغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنسانىنى بارچە مەخلۇقاتلاردىن ئۇلۇغ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالىي كەرىمى بىلەن ئىنسانىنى زاماندىن ـ زامانغىچە، ئەسىردىن ـ ئەسىرگىچە ئۇلۇغلۇق تەختىدە ئولتۇرغۇزغان ئەڭ ئۇلۇغ پادىشاھ خۇدايىتائالاغا چەكسىز ماختاش، سانسىز ئالقىشلار بولسۇن. جىمى مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ ئەۋزىلى، ئالەملەر پەرۋەردىگارىنىڭ دوستى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھېسابسىز دۇئا ۋە سالام يەنە ساناقسىز رەھمەتلەر بولسۇن. يەنە ئالەمنىڭ خوجىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئەسھابلىرىغا دۇئا ۋە رەھمەتلەر بولسۇنكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھىدايەت ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزلىرىدۇر. تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جەننەتتىن بەھرىمەن قىلغاي. يەنە تابىئىنلار (ساھابىلەرگە ئەگەشكەنلەر)گە ۋە تەبەئى تابىئىنلار (ئەگەشكەنلەرنىڭمۇ ئەگەشكۈچىلىرى)غا دۇئا ۋە رەھمەتلەر بولسۇنكى، ئۇلار كەرەملىك ئەسھابلارنىڭ ئىزلىرى ۋە ئۇچۇرلىرىغا ئەگىشىپ ئىككى دۇنيانىڭ سائادىتىنى تاپقاي. تەڭرى تائالا ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا ئەجىر ئاتا قىلسۇن.

تەڭداشسىز تەڭرىگە مەدھىيە ۋە ئالقىش ئېيتقان ۋە يولباشچىمىز ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەندىن كېيىن، سۆزنى ئىخچام ۋە قىسقا قىلاي: ھەقىقەت ئىلمىنىڭ بىلىملىك ئەربابلىرى، تەتقىقات ساھەسىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلۈك ئەسھابلىرىغا ئوچۇق ۋە ئاشكارا بولسۇنكى، سۇلتانلارنىڭ ئەڭ ئادىلى، جاھان شاھىنشاھلىرىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى، كەمبەغەل مىسكىنلەرنىڭ ھىمايىچىسى، ئالەملەر ئالىملىرىنىڭ دوستى، يەنى تۇرپاندىكى مەرھۇم چۈن ۋاڭ بىگىمنىڭ ئوغلى ئەمىن چۈن ۋاڭ بىگىم① پېقىر خارۇزار، تالىپلارنىڭ كەمتىرى، بۇنداق ياخشى سۆزلەرنى تۈزۈشتە ھەيران ۋە كېكەچ بولغان ئاجىز، بىچارە پۇقراسى موللا مۇھەممەدسەئىدنىياز مۇدەررىسكە ئەمر ـ پەرمانى شۇ بولدىكى، پارسچە «مەئلۇماتۇل ـ ئافاق» (ئالەم ھەققىدە مەلۇمات) دېگەن كىتابنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە تۈركىي تىلغا ئۆرۈسىڭىز. ئۈمىد شۇكى، بۇ دىيار ئەھلى ئۇ كىتابنى ئوقۇپ مەنپەئەت ئالسۇن ۋە

① تۇرپان ئىناپچانى ئەفرىدۇن (1821 — 1872)نىڭ ئوغلى سۇلتان مامۇت (1864 — 1900) 1881 ـ يىلى ئىناپچان بولغان. 1900 ـ يىلى 5 ـ ئايدا 35 يېشىدا ۋاپات بولغان. شۇنىڭدىن سۇلتان مامۇتنىڭ چوڭ ئوغلى ئەمىن چۈن ۋاڭ، يەنى ئەمىن ئىناپچان ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ 1932 ـ يىلى كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

بەھرىمەن بولسۇن.

«ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاراڭلاردىكى ئىش ئىگىلىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن كەرەملىك ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا بىنائەن، پادىشاھقا بويسۇنۇشنى ئۆزۈمگە ۋاجىپ بىلىپ، «بۇيرۇلغۇچى ئۆزرىلىكتۇر» دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، بۇ كىتابنى تۈركىي تىلغا ئۆرۈشكە نائىلاج ھالدا كىرىشتىم.

ئاللا قىيىنچىلىقلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر، توغرىسىنى ئەڭ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

پەرۋەردىگار ئالەم شۇنداق كەرەملىكدۇركى، جىمى ئۇلۇغلار، سېخىيلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۇلۇغلۇقلار ۋە سېخىيلىقلارنى ئۆزىنىڭ كەرەملىك سۈپىتى بىلەن پەيدا قىلغان. ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ، مېھرىباندۇركى، بارلىق مەخلۇقاتقا ئۆزىنىڭ مەرھەممىتى ۋە ئىنايىتىنى يايغۇچىدۇر، ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچىدۇر. ھەر زەررىچە ئۆزىنىڭ ھال ۋە تىل نۇتقى بىلەن ئۇنىڭ پەرۋىشلىرىنىڭ بەلگىلىرىنى سۆزلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن نىشان بېرىدۇ. ھەربىر شەيئى ئۇنىڭ پەرۋىشلىرى ھەقىقىتىنىڭ بايانى ۋە دەلىلىدۇر. ئۇنىڭ ئاسمان ـ زېمىندىكى قۇدرەتلىرى چەكسىز، ئۇنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلىرى پايانسىزدۇر. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى ئۇنىڭ زاتىنىڭ نۇرلىرىدىن چاقنىغان، ھەربىرى ئاجايىپ مول رەھمەتلىرى بىلەن نۇرلانغاندۇر.

بېيت:

ھەر سۇنئۇڭدىن نەمۇنەدۇرۇر ئافتابۇ ماھ،
ئەي ھېكمەتىڭدىن بىر نەۋئى ئېرۇر ئەرشى كارگاھ.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچبىر كىشىنىڭ ئۇنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە لايىق شۈكۈر بەجا كەلتۈرۈشكە ماجالى ۋە تاقىتى يوقتۇر. شۇ ۋەجىدىن سەرۋەرى ئالەم ـــ ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي ـــ شۈكۈر ـ سانادىن ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىپ: «سەن ئۆزۈڭنىڭ زاتىغا لايىق ۋە مۇناسىپ مەدھىيە ۋە ئالقىشلارنى ئېيتالىساڭمۇ، مەن سېنىڭ زاتىڭغا مۇۋاپىق ۋە مۇناسىپ مەدھىيە ۋە ماختاشلارنى ئېيتالمايمەن» دېگەنىدى. نەزم:

ياد قىلۇرمەن زاتىنى پاكلىك بىلە،
غەيرى ئانىڭ زاتىدا ھەيرەت بىلە.
ئەقل ئاقىل زاتىدا يول تاپمادى،
ھەم سىفاتى كۇنھىنى فەھم ئەتمەدى.
قۇدسىسىنىڭ ساھەتىن بىزدىن قىياس،
مور ياڭلىغكىم قىلۇر گەردۇن مەساس.

دېمەك، (ھەركىم)ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئالەم پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە قۇدرىتىنى ھېس قىلىپ كۆرسۇن. چۈنكى، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ سۇنئىيـ قۇدرىتىدىن ۋە سەنئىتىدىندۇر، ھەممىسى ئۇنىڭ ئاجايىپلىرى ۋە غارايىپلىرىدۇر. ئاسمان ـ زېمىن زەررىلىرىدىن تىل ۋە ھال نۇتقى بىلەن پاك تەڭرى تائالاغا مەدھىيە ئېيتمايدىغان ھېچبىر زەررە يوق. «ئۇنى مەدھىيىلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچبىر نەرسە يوقتۇر. لېكىن، سىلەر ئۇلارنىڭ تەسبىھىنى چۈشەنمەيسىلەر» دېگەن كەرەملىك ئايەت بۇ مەنىگە دەلىلدۇر. ھەربىر زەررە ئېيتىدۇكى، كامالەتكە يەتكەن قۇدرەت، چەكسىز ئىلىم شۇدۇركى، ئەگەر ھەممە دەريالارنىڭ سۈيى سىياھ، ھەممە دەرەخلەر قەلەم بولسا، بارچە مەخلۇقاتلار ئۆمۈر بويى پۈتسىمۇ، پۈتكەنلىرى قۇدرىتىنىڭ پەقەت ئازغىنە بىر قىسمى بولىدۇ، خالاس. «ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز سۈيى سىياھ بولۇپ كەتسە،

پەرۋەردىگارىمىنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز سۈيى چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى. مۇبادا، يەنە شۇنچىلىك دېڭىز سۈيىنى كەلتۈرسەكمۇ» دېگەن ئايەت بۇ مەنىگە گۇۋاھتۇر.

خۇدايىتائالانىڭ كامالەتكە يەتكەن قۇدرىتى ۋە يېتۈك ھېكمەتلىرىگە دەلىل بولىدىغان ئۇلۇغ ئالامەتلەر جۈملىسىدىن بىرى بۈيۈك ئەرش ۋە كۇرسىدۇر. بارلىق پەرىشتىلەر، ئاي، يۇلتۇزلار، زېمىن ۋە زېمىن ئۈستىدىكى تاغلار، چۆللەر، دەريالار، ئۆستەڭلەر، ئېرىقلار، قۇدۇقلار، تاغلار ئىچىدىكى جاۋاھىراتلار، تۈرلۈك كان ماددىلىرى، زېمىن ئۈستىدىكى گىياھلاردىن ئىبارەت تۈرلۈك نەرسىلەرمۇ خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. خۇسۇسەن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان، ھەر خىل شەكىلدە ئاجايىپ يارىتىلغان ئىنسان خۇدانىڭ قۇدرىتىگە دەلىل بولىدۇ. ھەر سۈپەت ۋە ھەر سەنئەت ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ.

خۇدايىتائالا نەفسى ناتىقە (سۆزلىگۈچى جان) دەپ ئاتىغان نەفسى ئىنسان (ئىنسان جېنى)نى ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىغان، بەزىسىنى «نەفسى مۇتمەئىننە» (خاتىرجەم بولغۇچى جان)، بەزىسىنى «نەفسى لەۋۋامە» (مالامەت قىلغۇچى جان)، بەزىسىنى «نەفسى ئەممارە» (كۆپ بۇيرۇغۇچى جان) دەپ ئاتىغان. خالىسا نەفسى ئىنساننىڭ بەزىسىنى ئەئلا ئىللىيىن (ئالىيلارنىڭ ئالىيسى) دەرىجىلىرىگە يەتكۈزىدۇ، خالىسا بەزىسىنى ئەسفەلۇس ـ سافىلىن (پەسلەرنىڭ پېسى) دەرىجىسىگە چۈشۈرىدۇ.

ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى بۇلۇت، قارا يامغۇر، گۈلدۈرماما، چاقماق، بۇ دىيار ئەھلى ھەسەن ـ ھۈسەن دەپ ئاتىشىدىغان قەۋسى قۇزەھ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللا تائالانىڭ كامالەتكە يەتكەن قۇدرىتىنىڭ دەلىلىدۇر. خۇدايىتائالانىڭ كامىل ھېكمەتلىرىنى دەلىللەيدىغان باشقا روشەن دەلىللەر ھەددىدىن ئارتۇق كۆپتۇر، ھېچ مەخلۇقات ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايدۇ.

خۇدايى تائالاغا مەدھىيە ئېيتقان، ھەزرىتى مۇھەممەد روسۇلۇللاغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەندىن كېيىن، مەرھۇم ئەبۇل مەكارىم ئەمىر خاننىڭ ئوغلى پېقىر ئاجىز، بىچارە بەندە ئەمىندىنخان ھۈسەينىي ھىرەۋىي — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ئېيتىدۇكى: مېنىڭ بۇ كىتابنى تەسنىپ قىلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇ بولدىكى، شەھەرلەرنىڭ تولىسى يەتتە ئىقلىم ئىچىدە، بەزىسى تېشىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋە ۋىلايەتلەر، تاغلار، چوڭ ـ كىچىك دەريالار، چوڭ ـ كىچىك ئېرىقلار، باياۋانلار، چۆل ـ جەزىرىلەر، تاشلار، دەرەخلەر ھەم باشقا ئاجايىبات ـ غارايىباتلاردىن ئىبارەت باشقا نەرسىلەرنىڭ ھېسابى ۋە سانى مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆرەگاننىڭ ئىلمى نۇجۇم ۋە ئىلمى ھەيئەت(گېئومېتىرىيە) ھەققىدە تەسنىپ قىلغان «رۇبئى مەسكۇن» ناملىق كىتابىدا ۋە مەۋلانا يۇسۇف گەنجىنىنىڭ «مۇنتەخەبۇت ـ تەۋارىخ» (تارىخ تاللانمىسى) ناملىق كىتابى ۋە باشقا كىتابلاردا ھەر ماكاننىڭ زىكرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە تارقاق ۋە خىلمۇخىل بايان قىلىنغان ئىدى مەن ئۇلارنى بىر يەرگە جەملەشنى نىيەت قىلدىم. «كىمكى باشقىلارغا ئاسانلاشتۇرۇشنى نىيەت قىلسا، ئۆزىگە ئاسانلىقنى ئىرادە قىلغان بولىدۇ» دېگەن ھېكمەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە مەزكۇر شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ غەيرىينى تەھقىقلەشتە ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ نۇسخا شەھەرلەر ۋە باشقىلارنىڭ زىكرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئۇلار تەھەججى (ئېلىپبە) ھەرپلىرىنىڭ بىرىنچى ھەم ئىككىنچى ھەرپلىرىگە رىئايە قىلىنغان ھالدا رەتلەندى.

ئۇ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كىتابىدا بايان قىلىنغان مەغرىب زېمىنىدىن تاكى مەشرىققىچە، جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ توغرىسىدىن تاكى شىمالىي قۇتۇپنىڭ چېكىگىچە بولغان ماكانلار ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تېبابەت ئىلمى، ئېسىل ئەخلاقلار، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ چەكسىز مۆجىزىلىرى، بەرىكەت ئىزدەش يۈزىسىدىن بەزى مىراس دۇئالار، پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكمىدە تۇرۇۋاتقان ۋەزىرلەر، پۇقرالارغا لازىم بولىدىغان مۇھىم پايدىلار بايان قىلىنىدى. ئۇلارنىڭ تەسنىپىدە تولۇق تىرىشچانلىق ۋە ھايالسىز تىرىشىشلار بىلەن ئاخىرىغا

يەتكۈزۈلدى ۋە ئۇنىڭغا «مەئلۇماتۇل ـ ئافاق» (ئالەم ھەققىدە مەلۇمات) دەپ ئات قويۇلدى. چۈنكى، ئالەمنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم بولىدۇ.

بۇ كىتابنى ئوقۇغۇچىلارغا مەخپىي قالمىسۇنكى، يۇلتۇزشۇناس مۇنەججىملەر ئەرەب تىلى تەھەججى (ئېلىپبە) ھەرپلىرىنى تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا بۆلەكلەرگە بۆلگەن: ابجد (ا ب ج د ــ ئەبجەد)، هوز (ھ و ز ـ ھەۋۋەز)، حطى (ح ط ى ــ ھۇتتى) ، كلمن (كەلىمەن ـ ك ل م ن)، سعفص( س ع ف ص ــ سەئفەس )، قرشت (ق ر ش ت ــ قەرەشەت)، ثخذ ( ث خ ذ ــ سەخخەز)، ضظغ (ض ظ غ ــ زىززەغ)، ئۇلار يەنە ھەرقايسى ھەرپلەرگە رەقەم بېكىتكەن، ھېسابلارنى ئۇلارنى بىرىكتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپ ساننى ئالدىغا، ئاز ساننى كەينىگە تىزىدۇ. مەسىلەن، ئەلىف (ا) بىلەن يا (ى)نى بىرلەشتۈرۈپ «يا» دېسە، «ى» 10 غا، «ا» بىرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، جەمئىي 11 بولىدۇ؛ كاف (ك) بىلەن بە (ب)نى بىرلەشتۈرۈپ «كب» (كەب) دېسە، «ك» 20 گە، «ب» ئىككىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، جەمئىي 22 بولىدۇ؛ لام(ل)نى جىم (ج) بىلەن بىرلەشتۈرۈپ «لج» (لەج) دېسە، «ل» 30 غا، «ج» ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، جەمئىي 33 بولىدۇ؛ قاف (ق)، مىم(م) ۋە ھا (ھ)لارنى بىرلەشتۈرۈپ «قمھ» (قەمەھ) دېسە، «ق» 100 گە، «م» 40 قا، «ھ» بەشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، جەمئىي 145 بولىدۇ؛ غەين (غ)، زال (ذ)، فا (ف)، توۋا (ط)نى بىرلەشتۈرۈپ «غذ فط» (غەزفەت) دېسە، «غ» 1000غا، «ط» 700 گە، «ف» 80 گە، «ط» 9 غا ۋەكىللىك قىلىدۇ، جەمئىي 1789 بولىدۇ؛ 1000نى 2000 قىلماقچى بولسا، بە (ب) ھەرپىنى كەينىگە غەين (غ) ھەرپىنى قويۇپ «بغ» (بۇغ) دېسە، «ب» ئىككىگە، «غ» 1000غا ۋەكىللىك قىلىدۇ، جەمئىي 2000 بولىدۇ؛ قاف (ق)نى غەين (غ) بىلەن بىرلەشتۈرۈپ «قغ» (قوغ) دېسە، «ق» 100 گە، «غ» 1000 غا ۋەكىللىك قىلىدۇ، جەمئىي 100,000 بولىدۇ؛ خا (خ)، لام (ل)، ھا (ھ)، غەين (غ)نى بىرلەشتۈرۈپ «خلھغ» (خەلھەغ) دېسە، «خ» 600 گە، «ل» 30 غا، «ھ» بەشكە، «غ» 1000 غا ۋەكىللىك قىلىدۇ، جەمئىي 635,000، بولىدۇ؛ زال (ذ)، لام (ل)، جىم (ج)، غەين (غ) بىرلەشتۈرۈلۈپ «ذلجغ» (زەلجەغ) دېسە، «ذ» 700 گە، «ل» 30 غا، «ج» ئۈچكە، «غ» 1000 غا ۋەكىللىك قىلىدۇ، جەمئىي 733,000 بولىدۇ؛ شىن (ش)، سىن (س)، دال (د)نى بىرلەشتۈرۈپ «شسد» (شەسدى) دېسە، «ش» 300 گە، «س» 60 قا، «د» تۆتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، جەمئىي 364 بولىدۇ؛ قالغان سانلار يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئېھتىياجغا ئاساسەن قۇراشتۇرۇلىدۇ. قانداق يەردە پارچە سان بولمىسا، سىفرە، يەنى نۆل (.) قويۇلىدۇ.

ئەي ئىخلاسمەن ئوقۇغۇچى، ئاللا سېنى سائادەتمەن قىلسۇن. بىلگىنكى، ھەر قانداق سۆزنىڭ باش ـ ئايىغى ئالەمنىڭ يېتەكچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىرى ۋە كاتتا مۆجىزىلىرى بىلەن بېزەلسە، شەخسلەر ۋە كۆپچىلىكنىڭ نەزەرلىرىدە قوبۇل بولىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن خۇدا خالىسا ئىككى ئالەمنىڭ بەخت ـ سائادىتى ھاسىل بولار، دېگەن ئۈمىدتە بۇ كىتابمۇ ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىرى، ئۇلۇغ مۆجىزىلىرى ۋە يېقىملىق ھەدىسلىرى بىلەن باشلاندى①.

## شەھەرلەرنىڭ، ئاراللارنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقلىرى ھەم كەڭلىكلىرىنىڭ بايانى

ھەر كىشى شەھەرلەر، ئاراللار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقلىرى ھەم كەڭلىكلىرىنى كىتاب يۈزىدىن بىلەي دېسە، بۇ كىتابقا نەزەر سالسۇن، مەلۇم بولىدۇ.

① كىتابنى ژۇرنىلىمىزدا تونۇشتۇرۇشتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەزمۇنلارغا دائىر بابلار قىسقارتىلدى.

## «ا» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

ئەتكە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 106 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى 33 دەرىجە 24 دەقىقە①، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

ئەجمىر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 111 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى 25 دەرىجە ئالتە دەقىقە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

ئەجىن: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 112 دەرىجە 30 دەقىقە، كەڭلىكى 22 دەرىجە 55 دەقىقە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

ئەھمەدئاباد: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 108 دەرىجە، كەڭلىكى 23 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، مىسىر مەملىكىتىدە.

ئىسكەندەرىيە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 61 دەرىجە، كەڭلىكى 30 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، مىسىر مەملىكىتىدە.

ئىستەرخ: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 88 دەرىجە، كەڭلىكى 32 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، پارس مەملىكىتىدە.

ئىسفەھان: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 82 دەرىجە 40 دەقىقە، كەڭلىكى 33 دەرىجە 50 دەقىقە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، ئىران مەملىكىتىدە.

ئەكبەرئاباد: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 112 دەرىجە 45 دەقىقە، كەڭلىكى 27 دەرىجە، ھىندى مەملىكىتىدە.

ئىسلامئاباد: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 155 دەرىجە 50 دەقىقە، كەڭلىكى 26 دەرىجە 52 دەقىقە.

ئەمرۇھە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 114 دەرىجە 45 دەقىقە، كەڭلىكى 28 دەرىجە 40 دەقىقە، مەزكۇر ئۈچ شەھەر ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

ئەنتاكىيە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 71 دەرىجە 26 دەقىقە، كەڭلىكى 25 دەرىجە 30 دەقىقە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، شام مەملىكىتىدە.

ئەۋرەڭئاباد: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 111 دەرىجە 30 دەقىقە، كەڭلىكى 19 دەرىجە بەش دەقىقە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

ئۇدە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 115 دەرىجە 55 دەقىقە، كەڭلىكى 23 دەرىجە 45 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

## «ب، پ» ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

بابۇلئەبۋاب: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 85 دەرىجە، كەڭلىكى 43 دەرىجە، بەشىنچى

---

① بۇ يەردىكى ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك شەھەرلەرنىڭ يەر شارىدا جايلاشقان ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىرقى زامان جۇغراپىيە ئىلمىدىكى مېرىدىئان ۋە پاراللېل ئۇقۇمىغا ئوخشايدۇ.

ئىقلىمدا، ئەرمىنىيە مەملىكىتىدە.
بابىل: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 دەرىجە، كەڭلىكى 32 دەرىجە، ئۇچىنچى ئىقلىمنىڭ ئاخىرىدا، ئىراقى ئەرەب مەملىكىتىدە.
پانىپەت: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 110 دەرىجە 22 دەقىقە، كەڭلىكى 28 دەرىجە 15 دەقىقە.
پەتنە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 119 دەرىجە 12 دەقىقە، كەڭلىكى 26 دەرىجە 40 دەقىقە، بۇ ئىككى شەھەر ھىندى مەملىكىتىدە.
بۇخارا: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 97 دەرىجە، كەڭلىكى 30 دەرىجە.
بەدەخشان: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 84 دەرىجە 24 دەقىقە، كەڭلىكى 30 دەرىجە 24 دەقىقە، بۇ ئىككى شەھەر تۇران مەملىكىتىدە.
بەدايۇن: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 114 دەرىجە، كەڭلىكى 27 دەرىجە 20 دەقىقە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.
بۇرھانپۇر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 108 دەرىجە، كەڭلىكى 22 دەرىجە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، دەكەن مەملىكىتىدە.
بىستام: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 109 دەرىجە 35 دەقىقە، كەڭلىكى 35 دەرىجە 10 دەقىقە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، ئىران مەملىكىتىدە.
بۇست: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 دەرىجە، كەڭلىكى 30 دەرىجە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، ئىران مەملىكىتىدە.
بەسرە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 84 دەرىجە، كەڭلىكى 30 دەرىجە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، ئىراق مەملىكىتىدە.
بەئلىبەككە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 دەرىجە 45 دەقىقە، كەڭلىكى 35 دەرىجە 15 دەقىقە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، شام مەملىكىتىدە.
بەغداد: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 دەرىجە، كەڭلىكى 38 دەرىجە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، ئىراق مەملىكىتىدە.
بەلخ: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 87 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى 36 دەرىجە بەش دەقىقە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، خۇراسان مەملىكىتىدە.
بەنارەس: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 117 دەرىجە، كەڭلىكى 26 دەرىجە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.
بەھۇپال: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 110 دەرىجە، كەڭلىكى 23 دەرىجە.
بىجاپۇر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 105 دەرىجە 30 دەقىقە، كەڭلىكى 17 دەرىجە 22 دەقىقە، بۇ ئىككى شەھەر دەكەن مەملىكىتىدە.
بەيتۇلمۇقەددەس: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 66 دەرىجە، كەڭلىكى 31 دەرىجە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، شام مەملىكىتىدە.
پىشاۋۇر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 106 دەرىجە، كەڭلىكى 31 دەرىجە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

### «ت» ھەرپى باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

تەبرىز: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 82 دەرىجە، كەڭلىكى 34 دەرىجە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، ئىران مەملىكىتىدە.

تەبۇك: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 53 دەرىجە، كەڭلىكى 30 دەرىجە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ئەرەب مەملىكىتىدە.

تەلمسان: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 دەرىجە، كەڭلىكى 23 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، مەغرىب مەملىكىتىدە.

تەھانىسىر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 112 دەرىجە 33 دەقىقە، كەڭلىكى 29 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

تەھتەھە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 82 دەرىجە 30 دەقىقە، كەڭلىكى 25 دەرىجە 10 دەقىقە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

### «ج» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

جىددە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 77 دەرىجە، كەڭلىكى 21 دەرىجە بەش دەقىقە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ئەرەب مەملىكىتىدە.

جۇرجان: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 90 دەرىجە، كەڭلىكى 37 دەرىجە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، ئىران مەملىكىتىدە.

جەلالئاباد: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 105 دەرىجە 40 دەقىقە، كەڭلىكى 34 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

جەمكۇت: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 170 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى ئىككى دەرىجە، ئاۋۋالقى ئىقلىمدا، ھىندىستان مەملىكىتىنىڭ ئاراللىرىدا.

جۇند: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 97 دەرىجە 10 دەقىقە، كەڭلىكى 43 دەرىجە 30 دەقىقە، بەشىنچى ئىقلىمدا، تۈركىستان مەملىكىتىدە.

جەنۇە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى 41 دەرىجە 22 دەقىقە، بەشىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

جۇھر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 72 دەرىجە، كەڭلىكى 23 دەرىجە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ئەرەب مەملىكىتىدە.

جونپۇر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 115 دەرىجە ئالتە دەقىقە، كەڭلىكى 26 دەرىجە 11 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

### «ھ» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

ھەلەب: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 72 دەرىجە 30 دەقىقە، كەڭلىكى 33 دەرىجە 15 دەقىقە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، شام مەملىكىتىدە.

ھۆللە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 79 دەرىجە، كەڭلىكى 31 دەرىجە 30 دەقىقە،

ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ئىراقى ئەرەب مەملىكىتىدە.

ھەمس: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 75 دەرىجە، كەڭلىكى 35 دەرىجە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، شام مەملىكىتىدە.

ھەيدەرئاباد: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 114 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى 18 دەرىجە 22 دەقىقە، دەكەن مەملىكىتىدە.

## «خ» ھەرپى باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

خانقۇ: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 160 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى 14 دەرىجە بەش دەقىقە، ئاۋۋالقى ئىقلىمدا، چىن مەملىكىتىدە.

خانجۇ: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 162 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى 14 دەرىجە بەش دەقىقە، ئاۋۋالقى ئىقلىمدا، چىن مەملىكىتىدە.

خوتەن: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 106 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى 42 دەرىجە بەشىنچى ئىقلىمدا، تۇران مەملىكىتىدە.

خوجەند: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 دەرىجە 35 دەقىقە، كەڭلىكى 41 دەرىجە 55 دەقىقە، بەشىنچى ئىقلىمدا، تۈركىستان مەملىكىتىدە.

خارەزم: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 94 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى 42 دەرىجە 45 دەقىقە، بەشىنچى ئىقلىمدا، ئىران مەملىكىتىدە.

## «د» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

دەمىيات: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 63 دەرىجە، كەڭلىكى 31 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، مىسىر مەملىكىتىدە.

دەمەشق: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 دەرىجە، كەڭلىكى 38 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، شام مەملىكىتىدە.

دەۋلەتئاباد: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 111 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى 20 دەرىجە 30 دەقىقە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، دەكەن مەملىكىتىدە.

دېھلى: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 112 دەرىجە 18 دەقىقە، كەڭلىكى 28 دەرىجە 11 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

دەھاكىھە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 102 دەرىجە 11 دەقىقە، كەڭلىكى 29 دەرىجە 35 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، بېنگال مەملىكىتىدە.

دەنار: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 77 دەرىجە، كەڭلىكى 13 دەرىجە 30 دەقىقە، ئاۋۋالقى ئىقلىمدا، يەمەن مەملىكىتىدە.

## «ر» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

رامپۇر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 114 دەرىجە 36 دەقىقە، كەڭلىكى 28 دەرىجە 40

دەقىقە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

راجمەھەل: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 121 دەرىجە، كەڭلىكى 25 دەرىجە 55 دەقىقە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، بېنگال مەملىكىتىدە.

رەملە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 66 دەرىجە 15 دەقىقە، كەڭلىكى 30 دەرىجە 10 دەقىقە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، پەلەستىن مەملىكىتىدە.

## «ز» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

زەبىد: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 74 دەرىجە 20 دەقىقە، كەڭلىكى 11 دەرىجە 34 دەقىقە، ئاۋۋالقى ئىقلىمدا، يەمەن مەملىكىتىدە.

## «س» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

سەرۋەنج: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 دەرىجە 42 دەقىقە، كەڭلىكى 44 دەرىجە 48 دەقىقە.

سىرىنەگەر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 112 دەرىجە 52 دەقىقە، كەڭلىكى 33 دەرىجە 10 دەقىقە، بۇ ئىككى شەھەر ئۇچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

سەرئەندىب: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 130 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى ئىككى دەرىجە 30 دەقىقە، ئاۋۋالقى ئىقلىمدا، ھىندىنىڭ بىر ئارىلىنىڭ ئىسمى.

سەرمەنراي: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 79 دەرىجە، كەڭلىكى 31 دەرىجە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، ئەرەب مەملىكىتىدە.

سەنبەھەل: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 114 دەرىجە 26 دەقىقە، كەڭلىكى 28 دەرىجە 30 دەقىقە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

سۇمنات: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 107 دەرىجە، كەڭلىكى 22 دەرىجە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، دەكەن مەملىكىتىدە.

سەمەرقەند: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 99 دەرىجە، كەڭلىكى 40 دەرىجە بەش دەقىقە، بەشىنچى ئىقلىمدا، تۇران مەملىكىتىدە.

سۇس: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 دەرىجە 30 دەقىقە، كەڭلىكى 22 دەرىجە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، مەغرىب مەملىكىتىدە.

سىھرەند: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 111 دەرىجە 30 دەقىقە، كەڭلىكى 29 دەرىجە 30 دەقىقە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

سىيالكوت: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 108 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى 32 دەرىجە تۆت دەقىقە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

سۇيۇت: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 61 دەرىجە 45 دەقىقە، كەڭلىكى 27 دەرىجە 10 دەقىقە، ئۇچىنچى ئىقلىمدا، مىسىر مەملىكىتىدە.

## «ش» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

شىراز: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 88 دەرىجە، كەڭلىكى 29 دەرىجە، ئۇچىنچى

ئىقلىمدا، ئىراننىڭ پارس دېگەن دىيارىنىڭ مەملىكىتىدە.

«ط» (ساد) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

سەنئا: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 77 دەرىجە 14 دەقىقە، كەڭلىكى 14 دەرىجە 30 دەقىقە، ئاۋۋالقى ئىقلىمدا، يەمەن مەملىكىتىدە.

«ص» (تۇۋا) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

تايىف: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 76 دەرىجە 22 دەقىقە، كەڭلىكى 21 دەرىجە 18 دەقىقە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ئەرەب مەملىكىتىدە.

تەرتۇس: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 دەرىجە بەش دەقىقە، كەڭلىكى 34 دەرىجە 10 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، شام مەملىكىتىدە.

تەرابلۇسى شام: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 69 دەرىجە، كەڭلىكى 38 دەرىجە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، شام مەملىكىتىدە.

تەرابلۇسى مەغرىب: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 دەرىجە، كەڭلىكى 32 دەرىجە 30 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، مەغرىب مەملىكىتىدە.

تەنجە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 دەرىجە، كەڭلىكى 35 دەرىجە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، مەغرىب مەملىكىتىدە.

تۇس: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 92 دەرىجە، كەڭلىكى 37 دەرىجە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، خۇراسان مەملىكىتىدە.

«ع» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

ئەدەن: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 75 دەرىجە، كەڭلىكى 10 دەرىجە، ئاۋۋالقى ئىقلىمدا، يەمەن مەملىكىتىدە.

ئەسقەلان: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 66 دەرىجە 30 دەقىقە، كەڭلىكى 32 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، شام مەملىكىتىدە.

«غ» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

غەزنە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 105 دەرىجە، كەڭلىكى 33 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، زابۇلىستان مەملىكىتىدە.

«ف» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

فارياب: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 99 دەرىجە 35 دەقىقە، كەڭلىكى 36 دەرىجە 45 دەقىقە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، خۇراسان مەملىكىتىدە.

## «ق» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

قەيد: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 78 دەرىجە، كەڭلىكى 26 دەرىجە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ئەرەب مەملىكىتىدە.

قىبرىس: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 66 دەرىجە 14 دەقىقە، كەڭلىكى 36 دەرىجە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، شام مەملىكىتىدە.

قۇلزۇم: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 64 دەرىجە، كەڭلىكى 36 دەرىجە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، شام مەملىكىتىدە.

قۇتەيف: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 74 دەرىجە، كەڭلىكى 33 دەرىجە توققۇز دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، مىسىر مەملىكىتىدە.

قەنۇج: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 115 دەرىجە 15 دەقىقە، كەڭلىكى 26 دەرىجە 59 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

قەندەھار: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 106 دەرىجە، كەڭلىكى 28 دەرىجە بەش دەقىقە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

قىرۋان: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 41 دەرىجە، كەڭلىكى 31 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، مەغرىب مەملىكىتىدە.

## «ك» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

كابۇل: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 105 دەرىجە بىر دەقىقە، كەڭلىكى 31 دەرىجە 20 دەقىقە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

كانگەرتا: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 110 دەرىجە، 35 دەقىقە، كەڭلىكى30 دەرىجە 50 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، پەنجاب مەملىكىتىدە.

كالپى: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 115 دەرىجە، كەڭلىكى 25 دەرىجە 30 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

گۇجەرات: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 108 دەرىجە 28 دەقىقە، كەڭلىكى 23 دەرىجە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

كەرانە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 110 دەرىجە، كەڭلىكى 28 دەرىجە 40 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

كەشمىر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 107 دەرىجە سەككىز دەقىقە، كەڭلىكى 33 دەرىجە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

كۇفە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 79 دەرىجە، كەڭلىكى 31 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ئىراقى ئەرەب مەملىكىتىدە.

كەۋالىر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 114 دەرىجە، كەڭلىكى 23 دەرىجە 56 دەقىقە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

## «ل» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

لاھور: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 109 دەرىجە 22 دەقىقە، كەڭلىكى 31 دەرىجە 50 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، پەنجاب مەملىكىتىدە.

لەھنۇ: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 115 دەرىجە 13 دەقىقە، كەڭلىكى 26 دەرىجە 30 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

لودھىيانە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 110 دەرىجە 40 دەقىقە، كەڭلىكى 29 دەرىجە 10 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

## «م» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

مەدىنە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 75 دەرىجە 22 دەقىقە، كەڭلىكى 25 دەرىجە سەككىز دەقىقە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ئەرەب مەملىكىتىدە.

مەدائىن: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 دەرىجە، كەڭلىكى 33 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ئەرەب مەملىكىتىدە.

مەديەن: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 67 دەرىجە، كەڭلىكى 28 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ئەرەب مەملىكىتىدە.

مەرھەش: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 71 دەرىجە 40 دەقىقە، كەڭلىكى 36 دەرىجە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، شام مەملىكىتىدە.

مەرۋ: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 94 دەرىجە 40 دەقىقە، كەڭلىكى 34 دەرىجە 30 دەقىقە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، خوراسان مەملىكىتىدە.

مىسىر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 63 دەرىجە، كەڭلىكى 30 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا.

مەككە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 77 دەرىجە ئىككى دەقىقە، كەڭلىكى 21 دەرىجە 40 دەقىقە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ئەرەب مەملىكىتىدە.

مەنىگەر: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 دەرىجە 11 دەقىقە، كەڭلىكى 26 دەرىجە 6 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

مەۋسۇل: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 77 دەرىجە، كەڭلىكى 36 دەرىجە 30 دەقىقە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، ئىراقى ئەرەب مەملىكىتىدە.

## «ن» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

نەھرىۋان: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 79 دەرىجە 45 دەقىقە، كەڭلىكى 32 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ئىراقى ئەرەب مەملىكىتىدە.

## «ۋ» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

ۋاستە: بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 82 دەرىجە، كەڭلىكى 33 دەرىجە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ئىراقى ئەرەب مەملىكىتىدە.

## «ھ» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

**ھىرات:** بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 94 دەرىجە 22 دەقىقە، كەڭلىكى 29 دەرىجە 40 دەقىقە، تۆتىنچى ئىقلىمدا، خۇراسان مەملىكىتىدە.

**ھەردۇۋار:** بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 113 دەرىجە، كەڭلىكى 34 دەرىجە 30 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

**ھەمدان:** بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 113 دەرىجە، كەڭلىكى 29 دەرىجە 40 دەقىقە، ئۈچىنچى ئىقلىمدا، ھىندى مەملىكىتىدە.

## «ي» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بايانى

**يەمامە:** بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 78 دەرىجە، كەڭلىكى 21 دەرىجە، ئىككىنچى ئىقلىمدا، ئەرەب مەملىكىتىدە.

**رانىچ ئارىلى:** بىر ئارالنىڭ ئىسمى. ئۇ بىرىنچى ئىقلىمدا، يېشىل دەريا (دەريائى ئەخزەر)نىڭ ئارىسىدا.

**ھامە ئارىلى:** بىر ئارالنىڭ ئىسمى. ئۇ بىرىنچى ئىقلىمدا، ھىندى دەرياسى ئارىسىدا.

**سەلامەت ئارىلى:** بىر ئارالنىڭ ئىسمى. ئۇ بىرىنچى ئىقلىمدا، ھىندى دېڭىزىنىڭ ئارىسىدا.

**سەقىيلە ئارىلى:** بىر ئارالنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 دەرىجە، كەڭلىكى 34 دەرىجە.

**يابە ئارىلى:** بىر ئارالنىڭ ئىسمى، ئۇ ئۈچىنچى ئىقلىمدا، شام دەرياسى ئارىسىدا.

قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

بىلمەك كېرەككى، يەر يۈزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر دەرىجە 66 يېرىم مېلغا تەڭدۇر. بىر مېل 4444 گەزگە تەڭ، بىر دەقىقە بىر مېلغا تەڭ، مېل دېگەنلىك كورۇھ دېگەنلىكتۇر، بىر كورۇھ 4000 گەزگە تەڭ.

شۇنداق ھېسابلىغاندا، بىر دەرىجە 266 مىڭ ① 666 گەز بولىدۇ. بىر دەقىقە 4444 گەز بولىدۇ. ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

شەھەرلەر ۋە ئاراللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى، دەرىجىسى ۋە دەقىقىلىرىنىڭ مىقدارىنىڭ بايانىنى قىلغاندىن كېيىن، ئەناسىرى ئەربەئە (تۆت تادۇ)نىڭ بايانىغا كىرىش قىلىندى.

## ئەناسىرى ئەربەئە (تۆت تادۇ) نىڭ بايانى

ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەزىز ۋە بۈيۈك تەڭرى ئەناسىرى ئەربەئەنى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدا قەۋەتمۇ قەۋەت ئاپىرىدە قىلىپ، (ئۇلارنىڭ) ھەرقايسىسىغا ماكان تەيىنلىگەن. ئەناسىرى ئەربەئە زېمىندىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەسلىدۇر. ئەناسىرى ئەربەئە «ئۇممەھات» (ئانىلار) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەناسىرى ئەربەئەدىن ھاسىل بولغان مەدەنلەر، گىياھلار، ھايۋاناتلارغا ئوخشاشلار «مۇۋەللەدات»

① يۇقىرىقى ھېساب بويىچە جەملىگەندە بۇ سان توغرا چىقمايدۇ، كۆچۈرۈشتە خاتالىق يۈز بەرگەنمۇ قانداق بىلگىلى بولمىدى. بىز ئەينەن ئالدۇق. (مۇھەررىردىن)

(تۇغۇلمىلار) دېيىلىدۇ. «ئەناسىر» دېگەن كەلىمە «ئۇنسۇر»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. ئۇنىڭ مەنىسى «ئەسلى» دېگەنلىك بولىدۇ. «ئەربەئە» تۆت دېگەنلىك بولىدۇ. «ئەناسىرى ئەربەئە» تۆت ئەسلى ماددا دېگەنلىك بولىدۇ.

تۆت ئەسلى ماددا قايسىلار؟ دەپ سورالسا، ئېيتىمىزكى، بىرىنچىسى ئوت، ئىككىنچىسى شامال، ئۈچىنچىسى سۇ، تۆتىنچىسى تۇپراق.

ئوتنىڭ تەبىئىتى ۋە مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق. ئوتنىڭ جايى ۋە ماكانى ئاي ئوربىتىسىنىڭ ئاستىدا، شامال تەبىقىسىنىڭ ئۈستىدە.

شامالنىڭ تەبىئىتى ۋە مىزاجى ھۆل ئىسسىق. ئۇنىڭ جايى ۋە ماكانى سۇ تەبىقىسىنىڭ ئۈستىدە، ئوت تەبىقىسىنىڭ ئاستىدا.

سۇنىڭ تەبىئىتى ۋە مىزاجى ھۆل سوغۇق. ئۇنىڭ جايى ۋە ماكانى زېمىن تەبىقىسىنىڭ ئۈستىدە، شامال تەبىقىسىنىڭ ئاستىدا.

تۇپراقنىڭ تەبىئىتى ۋە مىزاجى قۇرۇق سوغۇق. ئۇنىڭ جايى ۋە ماكانى شامال تەبىقىسى بىلەن زېمىن تەبىقىسىنىڭ ئارىسىدا.

ئەناسىرى ئەربەئە «ئەركان»مۇ دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىككى خىل ھالىتى بولىدۇ. بىرى ئۈستىدىكىگە مۇۋاپىق بولىدۇ؛ يەنە بىرى ئاستىدىكىگە مۇۋاپىق، ئۈستىدىكىگە مۇخالىپ بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەربىرىنىڭ مۇئەييەن ئورنى بولىدۇ. شۇ ئورنىدىن باشقىسىدا ئورۇنلىشالمايدۇ. ئەزىز ۋە بۈيۈك تەڭرى كامالەتكە يەتكەن ھېكمىتى بىلەن ئەناسىرى ئەربەئەنى ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا تاناسىز ھالدا ئاجايىپ ئۇسۇل ۋە ھەيران قالارلىق ماھارەت بىلەن رەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇلارنىڭ قايسىسى يەڭگىلرەك بولسا، پەلەككە يېقىنراق بولىدۇ. قايسىسى ئېغىرراق بولسا، پەلەكتىن يىراقراق بولىدۇ. مەسىلەن، ئوت ھەممىدىن يەڭگىل بولغاچقا پەلەككە تۇتاش بولدى. تۇپراق ھەممىدىن ئېغىر بولغاچقا، پەلەكتىن ناھايىتى يىراق بولدى. شامال ئوتتىن ئېغىرراق، سۇدىن يەڭگىلرەك بولغاچقا، ئورنى ئوت تەبىقىسىنىڭ ئاستىدا، سۇ تەبىقىسىنىڭ ئۈستىدە بولدى. سۇ ھاۋادىن ئېغىرراق، تۇپراقدىن يەڭگىلرەك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنى تۇپراقنىڭ ئۈستىدە، شامال تەبىقىسىنىڭ ئاستىدا بولدى.

ھاۋا سۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، زېمىننىڭ سوغۇق بولغان ئەتراپلىرىدا ھۆللۈك پەيدا بولىدۇ. بىر چىنىغا سۇ ياكى باشقا نەرسىلەر ئېلىپ قويۇلسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تامچىلار پەيدا بولىدۇ. بۇ سۇدىن چىققان تامچە ئەمەس، بەلكى سۇنى ئېھاتە قىلىپ (ئوراپ) تۇرغۇچى ھاۋادىن پەيدا بولغان تامچىلاردۇر. سۇ ھاۋا بولىدۇ. مەسىلەن، سۇنىڭ ياكى ئوتنىڭ ھارارىتىدىن ياكى سۇدىن ھاسىل بولغان بۇستىن ھاۋا پەيدا بولىدۇ. ھاۋا ئوت بولىدۇ. مەسىلەن، تۆمۈرچى(ئاھەنگەر)لەرنىڭ كۆرىلىرىدىن چىققانىغا ئوخشاش. سۇ تۇپراق بولىدۇ. مەسىلەن، سۇنىڭ بەزىسى تاش بولىدۇ. تۇپراقنىڭ سۇ بولغىنىنى كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. مەسىلەن، كىمىياگەرلەر (خىمىيە ئۇستىلىرى) تاشنى يانجىپ تالقان قىلىپ ئۇنىڭغا بەزى دورىلارنى قوشۇپ لايە قىلسا سۇ بولىدۇ.

ئاجايىپ ئىشلاردىن بىرى شۇكى، شورلۇق ياكى ئاچچىق سۇنى قايناتسا ھورى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تاتلىق بولىدۇ. شانۇشەۋكىتى ئۇلۇغ تەڭرى تائالانى پاكلىق بىلەن ياد ئېتىمەن.

ئوت ئەسلىدە سۈزۈك جىسىمدۇر، ئۇنىڭ خاراكتېرى ھەرىكەت قىلىشتۇر. (ئۇ) تۇپراق تەبىقىسىدىن تاكى ئاي (ئوربىتىسى)نىڭ ئاستىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرىدۇ. ئوتنىڭ ھېچقانداق رەڭگى بولمايدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى يوقلۇقىنىڭ دەلىلى شۇكى، تۆمۈرچى بىرەر نەرسىنى ئوتتا قىزىتسا ياكى باشقا نەرسىلەرنى (ئوتقا) يېقىن كەلتۈرۈپ كۆيدۈرسە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق رەڭ بولمايدۇ. ئەناسىرى ئەربەئەنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولغان ئوتنىڭ رەڭگى بولمىغاچقا، ئورنىدىن تۆۋەنلىمىسە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ.

خۇدايىتائالانىڭ سۈنئىي قۇدرەتلىرىنىڭ ئاجايىپلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ ھارارىتىنىڭ كۈچى بىلەن

زېمىندىن ئۆرلىگەن تۈتۈنلەرنى كۆيدۈرۈپ قېلىن ھاۋالارنى تازىلاپ ۋە روشەن قىلىپ ھاۋانىڭ ھەمىشە تازا، ساپ بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوت تەبىقىسىنى ئاي ئوربىتىسىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇردى. خۇدايىتائالا پەلەككە ھەرقايسى تەرەپلەردىن يۈزلەنگەن نەرسىلەرنى توسۇش ئۈچۈن، ئوتنى پەلەكنى ئىھاتە قىلىپ (قورشاپ) تۇرغۇچى قىلىپ ئاپىرىدە قىلدى. ئەسلي ئوتنىڭ رەڭگى يوقتۇر. رەڭگى بولسا ئىدى، كۆزنىڭ پەلەكلەر ئالەمىنىڭ ئاجايىباتلىرىنى كۆرۈشىنى توسۇپ قوياتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوتنى سوغۇق تەبىقە (قەۋەت) بىلەن توستى، يەنى سوغۇق تەبىقە ئوت تەبىقىسىنىڭ شولىسى(نۇرى)نى زېمىن يۈزىدىن توسىدىغان قىلدى. شۇنداق بولمىغان بولسا، ھايۋاناتلار، گىياھلار، كانلار ئوت تەبىقىسىنىڭ كۈچلۈك نۇرىدىن ھالاك بولاتتى. شانۇشەۋكىتى ئۇلۇغ تەڭرى تائالانى پاكلىق بىلەن ياد ئېتىمەن.

يەنە ھۆل تۈمۈر بىلەن ھۆل تاشتىن نۇرانە جىسىمنىڭ چىقىشىدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىكرەك نېمە ئىش بار؟ بۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، مۇنبەر (ياساشتا ئىشلىتىدىغان) ياغاچلارنىڭ تولىسى ھۆل بولىدۇ، ھالبۇكى ئۇنىڭدىن ئوت ھاسىل بولىدۇ. سۇ ئوتقا قارىمۇقارشى تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن قانداقمۇ ئوت ھاسىل بولىدۇ؟ بۇ مەنىنى «ئۇ زات سىلەرگە كۆك ياغاچتىن ئوتنى پەيدا قىلدى، مانا سىلەر ئۇنىڭدىن ئوت ياندۇرىسىلەر» دېگەن كەرەملىك ئايەت دەلىللەيدۇ.

مەقسەت شۇكى، كىشىلەر ئوتنىڭ تۆمۈر، تاشتىن چىققىنىنى كۆرمىگەن بولسا، بۇنى باشقىلار ئۇلارغا ھېكايە قىلىپ بەرگەن بولسا، تۆمۈر بىلەن تاشتىن قانداقمۇ نۇرانە جىسىم چىقىدۇ، دەپ ئەجەبلەنگەن بولاتتى.

دەلىللىرىنى روشەن قىلغان تەڭرى تائالانى پاكلىق بىلەن ياد ئېتىمەن.

### تۆۋەندە ھاۋا ۋە شامالنىڭ ئەسلي بايان قىلىنىدۇ

ھاۋا ئەسلي ساپ جىسىمدۇر. تەبىئىتى ۋە مىزاجى ھۆل ئىسسىق. ئورنى ئوتنىڭ ئاستىدا، سۇ تەبىقىسىنىڭ ئۈستىدە. ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىسىدىكى ھاۋا ئۈچ خىل بولىدىكەن. بىرىنچىسى پەلەككە تۇتاش ئىكەن؛ ئىككىنچىسى سۇنىڭ ئۈستىدە ئىكەن؛ ئۈچىنچىسى زېمىن بىلەن سۇغا تۇتاش ئىكەن.

بىرىنچىسى ئوت تەبىقىسىگە تۇتاش بولۇپ، ناھايىتى ئىسسىق بولىدۇ. ئۇ «بادى سەمۇم» (زەھەرلىك شامال) دېيىلىدۇ. ئۇ تەگكەنلا نەرسىنى ھالاك قىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى سوغۇق تەبىقىگە تۇتاشتۇر، ئۇ ناھايىتى سوغۇق بولىدۇ؛ ئۈچىنچىسى زېمىن بىلەن سۇغا تۇتاش بولۇپ، مۆتىدىل بولىدۇ؛ ئۇ ئورۇن ئېتىبارى بىلەن «بادى نەسىيم» (مەيىن شامال) دېيىلىدۇ. ئۇ بەزى جايلاردا ئىسسىق، بەزى جايلاردا سوغۇق بولىدۇ. پەلەككە تۇتاشقان بىرىنچى قىسمى پەلەكنىڭ ھەمىشە ھەرىكەت قىلىشى بىلەن ئىسسىيدۇ، ئاخىر ئوت بولىدۇ. ئوت تەبىقىسىدىن تۆۋەنلىگەن ھەرقانداق ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى تۆۋەنلەيدۇ. ھارارىتى بارغانسېرى يوقىلىپ، سوغۇقلۇقى ئاشىدۇ. ئۇ سوغۇق تەبىقە ھاۋاسى دېيىلىدۇ. بۇ ئىككىنچى قىسىمدۇر؛ ئۈچىنچى خىل ھاۋا قۇياشنىڭ تەپتى ۋە نۇرىدىن يىراق بولغانلىقى، سۇ زېمىن يۈزىگە سۇرۇلگەنلىكى سەۋەبىدىن سوغۇق تەبىقىدە تۇرغان ھاۋادىن سوغۇقراق بولىدۇ. مەسىلەن، شىمالىي قۇتۇپنىڭ ھاۋاسىغا ئوخشاش. ئۇ يەرلەردە ئالتە ئايغىچە قۇياش بولمايدۇ، ناھايىتى سوغۇق بولىدۇ. سۇلار توڭلايدۇ، ئالەم قاراڭغۇ بولىدۇ، ھايۋاناتلار ياشىيالمايدۇ، گىياھلار ئۈنمەيدۇ. ھاۋادا قاراڭغۇلۇق، تۇمانلار، مۇخالىپ شامallar، گۇلدۇرماما، چاقماق، يامغۇر، قار، قاتتىق سوغۇققا ئوخشاش ئاجايىپ ـ غارايىپ ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلىدۇ.

خۇدا خالىسا قالغانلىرى كېيىن بايان قىلىنىدۇ.

## بۇلۇتنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ بايانى

ھۆكۇمالار ئېيتىدۇكى، ئاپتاپ زېمىنغا تەسىر قىلسا سۇ ۋە زېمىندىن تەركىبلەر پەيدا بولىدۇ. سۇنىڭ تەركىبلىرى بۇخار (بۇس)، زېمىنىنىڭ تەركىبلىرى دۇخان (تۇتۇن) دېيىلىدۇ. بۇخار دېگىنىمىز، سۇدىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەن ھۆللۈكتىن ئىبارەت. دۇخان زېمىندىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەن تۇتۇندىن ئىبارەت. بۇخار بىلەن دۇخان يۇقىرى ئۆرلىسە ھاۋا ئۇلارنى ھەر تەرەپكە ھەرىكەتلەندۇرۇپ ياراتقۇچى خۇدايىتائالا ھۆكۇم قىلغان جايغا ئېلىپ بارىدۇ. سوغۇق ھاۋا تەبىقىسى، ئېگىز تاغلار ئۇلارنى يۇقىرى ئۆرلەشتىن توسسا قارا بولىدۇ، ئۇ بۇلۇت دېيىلىدۇ.

تۇتۇن ئەسلىي ھاۋا ئىدى. ھاۋا بولىدىغان سۇدىن پەيدا بولغان ھۆللۈك بۇخار دېيىلىدۇ، ئۇ سۇ بولىدۇ. بۇ سۇ تامچە ھالەتتە بولۇپ، ئېغىرلاشسا زېمىن تەرەپكە قايتىپ يامغۇر بولىدۇ. ئۇ بىر – بىردىن ئاجرىغاندىن كېيىن سوغۇق ھاۋا بىلەن ئۇچراشسا، مۆلدۈر بولىدۇ. سۇدىن پەيدا بولغان بۇخار كېچىدە يۇقىرىغا ئۆرلىسە، سوغۇق ھاۋا ئۇنى يۇقىرى ئۆرلەشتىن توسسا ئۇ توختاپ نېپىز بۇلۇتقا ئۆزگىرىدۇ. سوغۇق كۈچلۈك بولسا، سۇ تەركىبلىرى ئۇيۇغانلىقتىن قارنىڭ بۇلۇتى ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، سۇنىڭ ئەجزا (ھۆجەيرە) لىرى ئۇيۇپ قالىدۇ.

ھاۋا تەركىبلىرى بۇخارنى ئۇرسا، ئاستا – ئاستا تۆۋەنلەپ يامغۇر پەيدا بولىدۇ. ھاۋا سوغۇق بولمىسا ھۆللۈك بىلەن تۇتۇن ئارىلىشىپ تاغلارغا ئوخشاش قات – قات بولۇپ توپلىشىدۇ، سوغۇق تەبىقىنىڭ سوغۇقلۇقى ئۇلارغا يەتسە بىر يەرگە يىغىدۇ، ئېغىرلاشقاندا تۆۋەنگە يۈزلىنىپ يامغۇر بولىدۇ. سوغۇقلۇق ئۈستىدىن كەلسە، ئۇ سۇ چوڭ يامغۇر بولىدۇ. كىشى بۇلۇتنىڭ بۇ ھالەتلىرىنى بىلەي دېسە، ھۆللۈكنىڭ ھاممامنىڭ تورۇسىغا قانداق ئۆرلىگەنلىكى، سوغۇقلۇق تەسىرىدە توپلىشىپ تامچە – تامچە بولۇپ قانداق چۈشكەنلىكىنى كۆرسۇن.

بۈيۈك ۋە ئەزىز تەڭرى تائالانىڭ رەھمىتى ۋە ساخاۋەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ھەر يىلى يامغۇرلارنى ئەۋەتىپ شامال ۋە بۇلۇتنى زېمىنغا ئەكېلىدۇ. ئۇ جايلاردا ھاياتلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ يامغۇرنىڭ سەۋەبى بىلەن شەھەرلەر ئاۋات بولۇپ، خەلقلەر كەڭ – كۇشادىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. بۇلۇتلارنى ھايۋانلار بار جايلارغا ئېلىپ بارىدۇ. ھايۋاناتلار بولمىغان چۆللەرگە يامغۇر ئەۋەتمەيدۇ.

ئەي مۆمىن، بىلگىنكى، بەرھەق، بۈيۈك ۋە قۇدرەتلىك تەڭرى تائالا كامالەتكە يەتكەن رەھمىتى ۋە ساخاۋىتى بىلەن يامغۇرنى كۆپمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس پايدىلىق مىقداردا ياغدۇرىدۇ. ئاز بولسا، گىياھلار ئۈنمەيدۇ؛ كۆپ بولسا، زىرائەت، ئادەمىزات ھالاك بولىدۇ. «ئۇ شۇنداق زاتكى، ئاسماندىن مىقدارى بىلەن يامغۇر ياغدۇردى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈك شەھەرنى تىرىلدۈرىدۇ» دېگەن كەرەملىك ئايەت شۇ مەنىنى دەلىللەيدۇ.

## شامالنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ بايانى

ھۆكۇمالار ئېيتىدۇكى، شامال ھاۋانىڭ ھەر تەرەپكە ھەرىكەت قىلىپ دولقۇنلىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەمما، شامال شۇنداق ھاسىل بولىدۇكى، ئاپتاپنىڭ تەسىرىدە زېمىندىن تۇتۇن كۆتۈرۈلۈپ ھەر تەرەپكە ئۆرلەيدۇ، تۇتۇننىڭ ھارارىتى پەسەيگەندە قارىيىپ كەينىگە يانىدۇ. يانغان پەيتىدە ھاۋا دولقۇنغا دۇچ كەلسە شامال پەيدا بولىدۇ. تۇتۇننىڭ ھارارىتى سوغۇق تەبىقىگە يەتكەندە پەسىيىدۇ. بۇ تەبىقە بىلەن پەسەيمىسە ئۆرلەپ ئوت تەبىقىسىگىچە بارىدۇ. پەلەك ھەرىكىتى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئوت تەبىقىسى

تۇتۇن ھەرىكىتىگە زەرەر قىلىپ تۆۋەنگە ياندۇرىدۇ. تۇتۇن ھەرىكىتىدىن ھاۋا دولقۇنلىنىپ شامال پەيدا بولىدۇ.

شامال ئەسلىي تۆت خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى شامال دېيىلىدۇ. ئۇ يەتتە يۇلتۇزنىڭ چىقىدىغان يېرىدىن قۇياشنىڭ ئولتۇرىدىغان يېرىگىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولىدۇ. ئىككىنچىسى «سابا» شاملى دېيىلىدۇ. ئۇ يەتتە يۇلتۇزنىڭ چىقىدىغان يېرىدىن قۇياشنىڭ چىقىدىغان يېرىگىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولىدۇ. ئۈچىنچىسى جەنۇب شاملى دېيىلىدۇ. ئۇ قۇياشنىڭ چىقىدىغان يېرىدىن سۇھەيل يۇلتۇزنىڭ چىقىدىغان يېرىگىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولىدۇ. تۆتىنچىسى «دەبۇر» دېيىلىدۇ. ئۇ سۇھەيل يۇلتۇزنىڭ چىقىدىغان يېرىدىن قۇياشنىڭ ئولتۇرىدىغان يېرىگىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولىدۇ.

شىمال تەرەپتىن كەلگەن شامال قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ قۇياش نۇرى ئەسلا چۈشمەيدىغان، قار كۆپ ياغىدىغان يەرلەردىن كېلىدۇ. ئۇ يەرلەردىن سوغۇقلۇق قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ تەرەپلەردە ھۆللۈك يوقتۇر، بەلكى كۆپ قىسمى چۆل ۋە تاغلاردۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چۆللەردىن ھەمىشە قۇرۇقلۇق قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ شامال قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ يوللىرى ناھايىتى تار بولغاچقا، تاغلارنىڭ ئارىسىدىن كەلگەچكە كۈچلۈك بولىدۇ.

شىمال شاملى بەدەننى چىڭىتىدۇ، ساغلاملاشتۇرىدۇ، سىرتقى سەزگۈلەرنى ساپلاشتۇرىدۇ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئادەمنىڭ رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، مەلۇم جايغا شىمال ۋە جەنۇب تەرەپنىڭ شاملى كۆپ يەتسە، شىمال تەرەپنىڭ شاملى يەتكەن جايدىكى ھايۋاناتلار بالىلىرىنىڭ تۇلىسى ئەركەك بولىدىكەن. جەنۇب تەرەپنىڭ شاملى يەتكەن جايدىكى ھايۋاناتلار بالىلىرىنىڭ تۇلىسى چىشى بولىدىكەن. جەنۇب شاملى تولىراق قىش كۈنلىرىدە چىقىدۇ.

سابا شاملىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ قۇياشنىڭ تەپتى يېتىدىغان جايلاردىن چىقىدۇ. ئۇ جايلار قۇياش تەپتىدىن ھارارىتى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ تەرەپلەردە ھۆللۈك تولىدۇر، شامال ئۇ يەرلەردىن ھۆللۈك قوبۇل قىلىدۇ.

ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، جەنۇب تەرەپنىڭ شاملى بەدەننى سۇس، ئاجىز، ھورۇن، ئېغىر قىلىدۇ. ئىسسىق سۇغا تەگسە سوۋۇتىدۇ. شىمال تەرەپنىڭ شاملى ئىسسىق سۇغا تەگسە، سوۋۇتمايدۇ. جەنۇب شامىلىدىن باشقا شامالالار يامغۇر بولمايدۇ. پەقەت جەنۇب شاملى يامغۇر بولىدۇ. جەنۇب تەرەپنىڭ شاملى مۆتىدىللىككە يېقىن. جەنۇب شاملى ئەتىگەندە چىقسا، ناھايىتى يېقىشلىق بولىدۇ. ئۇ سوغۇق جايلاردىن ئۆتكەن بولغاچقا، ئۇ جايلار سوغۇق كېچىلەرنىڭ ئاپتاپ بولمىغان سائەتلىرىدە سوغۇقلۇق قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن سوغۇقلۇققا مايىل بولىدۇ.

«سابا» شاملى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، ئەمما ئارقىسىدىن قۇياش نۇرى يالقۇنجايدىغانلىقى، مۆتىدىللىككە ئىنتىرىدىغانلىقى ئۈچۈن ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولىدۇ.

سەھەر ۋاقتىدىكى شامال «نەسىم سەھەرى» دېيىلىدۇ. بۇ شامال خالايىققا تەگسە، (خالايىق) ئۇنىڭدىن لەززەت ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن تەنلەر ساغلام بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋاقتى قۇياش چىققاندىن باشلاپ چاشكا ۋاقتىغىچە بولىدۇ.

«دەبۇر» شاملى «سابا» شاملىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، ئۇنىڭ پايدىسى يوق. تېۋىپلار ئۇنىڭ زەرەرىدىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ئۇنىڭ چىقىدىغان ۋاقتى ئاز بولىدۇ.

## گۇلدۇرماما ۋە چاقماقنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى

ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، ئاپتاپ دەريانىڭ سۈيىگە چۈشسە ئۇنىڭدىن سۇ تەركىبلىرى يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، ئۇ «بۇخار» (بۇس) دېيىلىدۇ. زېمىنغا چۈشسە ئۇنىڭدىن زېمىنىنىڭ بىرمۇنچە تەركىبلىرى يۇقىرى ئۆرلەيدۇ. ئۇ «دۇخان» (تۈتۈن) دېيىلىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئارىلاشقاندىن كېيىن سوغۇق تەبىقىگە يەتسە توپلىشىپ بۇلۇت بولىدۇ. دۇخان (تۈتۈن) ئۇنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ. دۇخان (تۈتۈن)نىڭ ھارارىتى بولسا يۇقىرىغا يۈزلىنىدۇ، ھارارىتى بولمىسا تۆۋەنگە يۈزلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۈچى بىلەن بۇلۇتنى تەشسە ئۇنىڭدىن گۇلدۇرماما ئاۋازى پەيدا بولىدۇ. دۇخانىنىڭ بىر ـ بىرىگە قاتتىق سوقۇلۇشىدىن چاقماق ھاسىل بولىدۇ. دۇخان (تۈتۈن)نىڭ ئوتى نېپىز بولسا، بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ چاقماق ھاسىل بولىدۇ، قېلىن بولسا گۇلدۇرماما ھاسىل بولىدۇ، ھەرقانداق نەرسىگە تەگسە كۆيدۈرىدۇ. قىش كۈنلىرىدە ئاپتاپنىڭ ھارارىتى كەم بولغاچقا، گۇلدۇرماما بىلەن چاقماق قىش كۈنلىرىدە كۆرۈلمەيدۇ، زېمىندىن دۇخان (تۈتۈن) كۆپ ئۆرلىمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن سوغۇق شەھەرلەردە، قار ياغقان زامانلاردا گۇلدۇرماما بىلەن چاقماق پەقەت بولمايدۇ.

## سۇنىڭ ئەسلىنىڭ بايانى

سۇنىڭ ئەسلي سۇزۇك جىسىمدۇر. تەبىئىتى ۋە مىزاجى ھۆل سوغۇق. ئورنى ھاۋا تەبىقىسىنىڭ ئاستىدا، زېمىن تەبىقىسىنىڭ ئۈستىدە. سۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئاچچىق، يەنە بىرى تاتلىق. بىرىنىڭ پايدىسى بار، يەنە بىرىنىڭ يوق.

ئاچچىق سۇنىڭ ئاچچىقلىقى ئاپتاپ زېمىنىنىڭ تەركىبلىرىنى كۆيدۈرگەندىن كېيىن شامال ئۇنى دېڭىز سۇلىرىغا تاشلاپ ئېلىشتۇرغانلىقىدىندۇر. دېڭىز سۇلىرى ئاچچىق بولماي تاتلىق بولغان بولسا، ئۇ مەلۇم مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن بۇزۇلغان، ئۇنىڭدىن بەتبۇي پۇراق ھاسىل بولغان، شامال بۇ بەتبۇي پۇراقنى زېمىنىنىڭ ئەتراپلىرىغا تارقاتقان، ئۇنىڭدىن ۋابا پەيدا بولغان بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدە ھېچبىر جانلىق تىرىك قالمىغان بولاتتى. شۇ بۇزۇقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىلاھىي ھېكمەت دېڭىز سۇلىرىنىڭ تۇزلۇق بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئاچچىق سۇنىڭ پايدىلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يەنە بىر پايدىسى، دېڭىزدىن مەرۋايىت، ئەنبەر، مارجان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر چىقىدۇ.

تاتلىق سۇنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ئىچىشكە بولغانلىقى. ھاياتلىقنىڭ داۋام قىلىشى ئىچىملىك سۇ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەزىز ۋە بۈيۈك تەڭرىنىڭ: «سۇدىن ھەرقانداق جانلىقنى قىلدۇق» دېگەن كەرەملىك ئايىتى شۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەزرىتى ھەقتائالا سۇغا شۇنداق بىر كۈچ قۇۋۋەتنى ئاپىرىدە قىلغانكى، بىر نەرسىنى سۇ ئىچىگە سالسا، سۇ ئۇنىڭ تەمى ۋە مەززىسىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىپ ئالىدۇ ـ دە، ئۇ نەرسىنىڭ رەڭگى ۋە تەمى قالمايدۇ. ئەزىز ۋە بۈيۈك تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى ۋە ئىنايەتلىرىدىن بىرى شۇكى، سۇ ھايۋاناتلار ۋە گىياھلار ھاياتىنىڭ سەۋەبى، خالايىق ئۇنىڭغا ئىنتايىن موھتاج بولغاچقا، ھەممە خەلقنىڭ كەڭ ـ كۇشادە پايدىلىنىشى، ئاسان قولغا كەلتۈرەلىشى ئۈچۈن، سۇنى كۆپ ياراتتى. زېمىن يۈزىدە ئېرىقنىڭ تولىلىقىدىن كىشىلەر(نىڭ) تۇرمۇشى دەخلىگە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن،

ئاللاھتائالا زېمىندىن بۇلاقلارنى چىقىرىپ بەردى.

خۇدايىتائالا ئاپىرىدە قىلغان نەرسىلەر ئىچىدە سۇدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتمەي، ئەجىر سىڭدۈرمەي يېيىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، سۇنى ئەجىر قىلمايلا ئىچكىلى بولىدۇ.

دېڭىزلار ئىچىدە سۇنىڭ مەۋج ئۇرۇپ كۆتۈرۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ كەم ـ زىيادە بولغىنىغا ئوخشاش ئاجايىپ ئىشلار كۆپتۇر. ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، دېڭىز سۇلىرىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ كۆتۈرۈلۈشى ئاپتاپنىڭ تەسىرىدىن بولۇپ، ئاپتاپ دېڭىز سۈيىگە تەسىر قىلسا، دېڭىز سۈيى يۇمشاپ، تەركىبلىرى كېڭىيىپ ئازادىلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ چاغدا دېڭىز ئۇنىڭ بەزىسىنى تۆت تەرەپكە سۈرىدۇ. كۈچلۈك شامال چىقسا ئۇنى يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ، دېڭىز سۇلىرىنىڭ دولقۇنلىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇنىڭدىن.

دېڭىز سۈيىنىڭ كەم ـ زىيادە بولۇشى ئاي چىققان، ئولتۇرغان ۋاقىتىدا كۆرۈلىدۇ. دېڭىز سۈيىنىڭ كەم ـ زىيادىلىكى ھەرقانداق دېڭىزدا كۆرۈلمەيدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، دېڭىز سۈيىنىڭ كەم ـ زىيادە بولۇشى تەكتى چوڭقۇر بولغان دېڭىزلاردا كۆرۈلىدىغان بولۇپ، ئاي دېڭىز ئۇدۇلىغا كەلسە، دېڭىز يۈزى ئاينىڭ ئۆگزىسىگە ئايلىنىدىكەن، ئاي شولىسى دېڭىز تەكتىگە يەتكەندىن كېيىن، دېڭىز سۈيىگە ئەكس پەيدا قىلىپ ياندىكەن، بۇنىڭ بىلەن دېڭىز سۈيى ئىسسىپ يۇمشايدىكەن ۋە كەڭلىكنى ئىزدەپ، دېڭىز قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلىدىكەن، بۇ چاغدا سۇ بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىپ كۆپىيىدىكەن. بۇ ئەھۋال ئاي مەغرىب تەرەپكە ئۆتكۈچە داۋاملىشىدىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن دېڭىز سۈيى ئازىيىشقا باشلاپ تاكى ئاي ئولتۇرغۇچە داۋاملىشىدىكەن. كېچىسى ئاي چىققاندىن باشلاپ تاكى ئاي تولۇق كۆتۈرۈلگۈچە دېڭىز سۈيى يەنە كۆپىيىدىكەن، ئاينىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋايىگە يەتسە، دېڭىز سۈيىنىڭ كۆپىيىشىمۇ چېكىگە يېتىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن دېڭىز سۈيى يەنە كېمىيىشكە باشلاپ ئاي ئولتۇرغۇچە داۋام قىلىدىكەن.

دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئادەم بەدىنىدىكى تۆت خىلت، يەنى قان، سەپرا، سەۋدا ۋە بەلغەمنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئوخشايدۇ. ئادەم بەدىنىدىمۇ بەزىدە قان، بەزىدە سەپرا، بەزىدە سەۋدا، بەزىدە بەلغەم يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

ھەزرىتى رەسۇلىللا دېڭىز سۈيىنىڭ كەم ـ زىيادە بولۇشىنى چىرايلىق ئىبارە بىلەن ئىپادىلەپ: «دېڭىزلارغا مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتىلەر پۇتلىرىنى دېڭىزغا قويسا، سۈيى زىيادە بولىدۇ؛ پۇتلىرىنى دېڭىزدىن كۆتۈرسە سۈيى پەسىيىدۇ» دېگەن.

كەئەبۇل ئەھبار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى، ھەزرىتى تەڭرى تائالا يەتتە دېڭىز ئاپىرىدە قىلىپتۇر، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى دەريايى شور (تۇزلۇق دېڭىز) بولۇپ، پۈتۈن زېمىن يۈزىنى ئىھاتە قىلغۇچىدۇر. خۇدادىن ئۆزگە ھېچ كىشى ئۇنىڭ قىرغىقىنى بىلەلمەيدۇ. يۇنان ھۆكۈمالىرى بۇ بىرىنچى دەريانى «دەقيانۇس» دەيدۇ؛ ئىككىنچىسى «بەنتىش»؛ ئۈچىنچىسى «قىيش»؛ تۆتىنچىسى «بەھرى مۇزلىم» (قاراڭغۇ دېڭىز)؛ بەشىنچىسى «بەھرى كاش» (كاش دېڭىزى)؛ ئالتىنچىسى «بەھرى ساكىن» (تىنچ دېڭىز)؛ يەتتىنچىسى «بەھرى ماكى» دېيىلىدۇ. ئۇ دېڭىزلارنىڭ ئاخىرقىسىدۇر.

ئەناسىرى ئەربەئە (تۆت ماددا)نىڭ ئەھۋالى، بۇلۇتلار، شاماللارنىڭ پەيدا بولۇشى، سۇلارنىڭ ئاچچىق ـ تاتلىق بولۇشى، دەريالارنىڭ مەۋج ئۇرۇپ ئۆرلىشى، دېڭىز سۇلىرىنىڭ كەم ـ زىيادە بولۇشى، ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى ۋە دېڭىزلار سانلىرىنىڭ بايانىدىن كېيىن، زېمىن مىقدارىنىڭ قىسقىچە بايانىغا كىرىش قىلىندى.

## زېمىن دائىرىسىنىڭ بايانى

مەلۇم بولغايكى، زېمىن ئۈگزىسى(سەتھى)نىڭ يېرىمى دەريايى شور (تۇزلۇق دېڭىز)نىڭ ئىچىدىدۇر. يەنە بىر يېرىمى سۇغا تاشلانغان تۇخۇمنىڭ رەڭگىدە بولۇپ، يېرىمى سۇ ئىچىگە يوشۇرۇنغاندۇر، يەنە بىر يېرىمى سۇدىكى تۇخۇمنىڭ رەڭگىدە ئوچۇق ۋە ئاشكارىدۇر. سۇ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئاۋۋالقى يېرىمىدە يەتتە ئىقلىمنىڭ ئادەملىرى ئورۇنلاشمىغان. بۇ يېرىمى جەنۇب تەرەپتە دەريايى شور (تۇزلۇق دېڭىز)نىڭ تېگىدە خارابدۇر؛ ئىككىنچى يېرىمى دەريايى شور (تۇزلۇق دېڭىز)نىڭ سىرتىدا تۇخۇم رەڭگىدە ئاشكارىدۇر. ئۇنىڭدا يەتتە ئىقلىمنىڭ ئادەملىرى ئورۇنلاشقان. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، زېمىنىنىڭ تۆت ھەسسىسىنىڭ بىر ھەسسىسى ئاۋاتتۇر. بۇ بىر ھەسسىسى شىمال تەرەپتىدۇر. ئۇ «رۇبئى مەسكۇن» (ئاۋات تۆتتىن بىرى) دېيىلىدۇ. بەزىلەر زېمىنىنىڭ قالغان ئۈچ ھەسسىسىمۇ ئاۋات، ئۇ يەرلەردىمۇ ئادەملەر بار دەيدۇ. ئەمما، ئالەم خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ بەزىلەرنىڭ سۆزى ئەمەلىيەتكە خىلاپ، ئېتىبارى يوق دەيدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ كۆپ قىسمى شۇ ھەقتە بىرلىككە كەلگەنكى، مەزكۇر يەتتە ئىقلىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 180 دەرىجە، ھەربىر دەرىجە 25 پەرسەڭ، ھەر پەرسەڭ ئۈچ مىل، ھەر مىل ئىككى ئون قىچقىرىم (چاقىرىم)، بىر ئون قىچقىرىم(چاقىرىم) ئىككى مىڭ گەز ئۇزۇنلۇقتىكى يولدۇر. شۇنداق ھېسابلىغاندا، بىر مىل تۆت مىڭ گەزدۇر. بىر پەرسەڭ ئون ئىككى مىڭ گەز ئۇزۇنلۇقتىكى يولدۇر. زېمىنىنىڭ مەزكۇر بىر ھەسسىسىنىڭ ھەممىسى ئاۋات ئەمەستۇر، بەلكى شىمال تەرەپتىن بىر قىسمى خالىي بولۇپ، ئەسلا ئاۋاتلىق يوقتۇر. سەرەتان پەسلىنىڭ دەسلىپىدە، ئۇ جايلاردا ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچە قۇياش چىقماي كېچە بولىدۇ، ئۇ يەردىن ئاۋات جايغىچە ئەللىك دەرىجە مۇساپە باردۇر، بۇ ئەللىك دەرىجىنىڭ ھەممىسى ئاۋاتتۇر.

يەتتە ئىقلىمنىڭ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىدىغان كىتابلاردا مۇئەييەنلەشتۇرۇلۇشىچە، ئىلگىرىكى ھۆكۈمالار شۇنداق دېگەنكى، ئالەمنىڭ تۆت ھەسسىسىنىڭ «رۇبئى مەسكۇن» (ئاۋات تۆتتىن بىرى) دەپ ئاتالغان بىر ھەسسىسى يۈز يىللىق يول بولۇپ، بىر ئادەم كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماي يۈز يىل ئايلانسا، زېمىنىنىڭ يەتتە ئىقلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ بىر ھەسسىسىنى ئايلىنىپ بولالايدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكلىرىنى كۆرەلەيدۇ.

كېيىنكى ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر يۈز يىللىق يولنىڭ تۆت پارچىسى ئۇزۇن زامانلار جەريانىدا تولا توپان بالالىرى تۇپەيلىدىن سۇ بېسىپ ۋەيران بولۇپ، سەكسەن يىللىق يول كېمىيىپ پەقەت يىگىرمە يىللىق يول قالغان. بۇ يىگىرمە يىللىق يولدىنمۇ ئون تۆت يىللىق يول كېمىيىپ پەقەت ئالتە يىللىق يول قالغان. چۈنكى، شىمال تەرىپىدە يەتتە يىل مۇساپىلىك يەردە ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن ھېچقانداق جانلىق تۇرالمايدۇ، جەنۇب تەرىپىدە بولسا، يەنە يەتتە يىل مۇساپىلىك يەردە ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن ھېچقانداق جانلىق تۇرالمايدۇ.

شۇنداق ھېسابلىغاندا، زېمىندىن پەقەت ئالتە يىل مۇساپىلىك يەر قالىدۇ، ئۇ ئادەم ياشايدىغان ئاۋات يەرلەر بولۇپ، يەتتە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، ھەربىر قىسمى بىر ئىقلىم دەپ ئاتىلىپ يەتتە ئىقلىم دېيىلىدۇ.

زېمىن دائىرىسىنىڭ بايانىدىن كېيىن، يەتتە ئىقلىمنىڭ بايانىغا تەرتىپ بىلەن كىرىش قىلىندى.

## يەتتە ئىقلىمنىڭ بايانى

مەلۇم بولغايكى، ئالتە يىل مۇساپىلىك يەر دېيىلگەن زېمىن يەتتە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى ئىقلىم: بۇ ئىقلىم خەلقىنىڭ تەربىيىتى زۇھەل يۇلتۇزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ ئىقلىم خەلقىنىڭ تولىسىنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ. ئۇ كەڭلىكى 12 دەرىجە بولغان، كۈندۈزى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 12 يېرىم سائەت داۋاملىشىدىغان جايدىن باشلىنىدۇ. بۇ ئىقلىمنىڭ ئۇگزىسى (يۈزى) 362 مىڭ 44 يېرىم پەرسەڭلىك يولدۇر. بىر پەرسەڭ 40 مىڭ تانابدۇر. ھەربىر تانابنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى 60 گەز بولىدۇ.

بىرىنچى ئىقلىم: ئۇزۇنىغا شەرقتە ياقۇت ئارىلى (جەزىرەئى ياقۇت) دىن باشلىنىپ، چىن شەھەرلىرىنىڭ جەنۇبى، سەرەندىپنىڭ شىمالى، سىند ۋە ھىندى شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، ھەبەشىستان مەملىكىتىنىڭ ئوتتۇرىنى بويلاپ، مىسىر دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، نەۋبە شەھەرلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپى بىلەن، بەربەر شەھەرىنىڭ ئوتتۇرىسى، يۇنان ئاراللىرىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن بىرىتانىيە شەھەرلىرىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ دەريايى شور (تۇزلۇق دېڭىز)غا يېتىپ بېرىپ ئاخىرلىشىدۇ.

ئىككىنچى ئىقلىم: بۇ ئىقلىمنىڭ تەربىيىتى مۇشتەرى يۇلتۇزى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇ كەڭلىكى 20 يېرىم دەرىجە بولغان، كۈندۈزى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 13 سائەت داۋاملىشىدىغان جايدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇگزىسى (يۈزى)نىڭ مۇساپىسى 562 مىڭ 66 پەرسەڭ بىر مىلدۇر. ھۆكۈمالار ۋە پازىللار(پەزىلەت ئىگىلىرى)نىڭ كۆپ قىسمى بۇ ئىقلىمدا ياشىغان. بۇ ئىقلىم شەرقتە چىن شەھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن سەرەندىپنىڭ شىمالى، قەندىھار شەھەرلىرىنىڭ شىمالى، كىرمان شەھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، پارس دەرياسى، ئۇممان شەھىرى، قىزىل دېڭىز (دەريايى قۇلزۇم)، رىققە ۋە ئافرىقا شەھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى، بەربەرىستاننىڭ شىمالى، قىرۋاننىڭ جەنۇبى، بىرىتانىيە شەھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ دەريايى شورنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ بېرىپ ئاخىرلىشىدۇ.

ئۈچىنچى ئىقلىم: بۇ ئىقلىمنىڭ تەربىيىتى مىررىخ يۇلتۇزى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇنىڭدىكى ئادەملەر بۇغداي ئۆڭلۈك بولىدۇ. ئۇ كەڭلىكى 27 دەرىجە بولغان، كۈندۈز ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 13 سائەت داۋاملىشىدىغان يەردىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇگزىسى (يۈزى)نىڭ مۇساپە يولى 468 مىڭ 91 پەرسەڭدۇر. ئۇ شەرق تەرەپتىن چىن شەھەرلىرىدىن باشلىنىپ يەجۈج - مەجۈج شەھەرلىرىنىڭ جەنۇب تەرىپى، ھىندى شەھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى، تۈرك شەھەرلىرىنىڭ جەنۇبى، كابۇل شەھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى، قەندىھارنىڭ شىمال تەرىپى، سىجىستان، كىرمان، پارس، ئىراق شەھەرلىرى، مەغرىب شەھەرلىرىنىڭ شىمال تەرىپى، ئىراقنىڭ كۇفە، بەغداد، بەسرە شەھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى، شامنىڭ شەھەرلىرى، مىسىر شەھەرلىرىنىڭ ئۈستى بىلەن قىرۋاننىڭ ئوتتۇرىسى ۋە تەنجە شەھىرىدىن ئۆتۈپ دەريايى شورغا يېتىپ تامام بولىدۇ. بۇ ئىقلىمدا 169 چوڭ شەھەر، ئالتە تاغ، 22 چوڭ دەريا بار.

تۆتىنچى ئىقلىم: بۇ ئىقلىمنىڭ تەربىيىتى قۇياش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ ئىقلىم كۈندۈز ئەڭ كۆپ بولغاندا 14 سائەت داۋاملىشىدىغان جايدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇگزىسى (يۈزى)نىڭ مۇساپە يولى 378 مىڭ 36 پەرسەڭدۇر. ئۇ شەرقتە تىبەت، ختان، خوتەن، بەدەخشان دىيارىنىڭ شىمالى، يەجۈج - مەجۈج شەھەرلىرىنىڭ جەنۇبى، تۈرك شەھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى، ھىندى، تەبەرىستان، كىرمان، پارس، خۇزىستان شەھەرلىرىنىڭ شىمالى، ئەفرەنجە، تەنجە ۋە تۇبە شەھەرلىرىنىڭ شىمالىدىن ئۆتۈپ دەريايى شور (تۇزلۇق دېڭىز)غا يېتىپ ئاخىرلىشىدۇ.

بەشىنچى ئىقلىم: بۇ ئىقلىمنىڭ تەربىيىتى زۆھرە يۇلتۇزى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇ كۈندۈزى ئەڭ كۆپ بولغاندا 14 سائەت داۋاملىشىدىغان يەردىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆگزىسى (يۈزى)نىڭ مۇساپە يولى 299 مىڭ 493 پەرسەڭدۇر. بۇ ئىقلىم خەلقىنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ. بۇ ئىقلىم شەرقتە تۇران، ماۋرائۇننەھر شەھەرلىرىدىن باشلىنىپ، جەيھۇن دەرياسى، خوراسان، سىجىستان، كىرمان، پارس شەھەرلىرىنىڭ شىمالى، رەي شەھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى، ئىراقنىڭ شىمالى، ئەزەربەيجاننىڭ جەنۇبى، ئەرمىنىيە، رىم شەھەرلىرى، يۇنان ئارىلىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئەندەلۇس شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ دەريايى شور (تۇزلۇق دېڭىز)غا يېتىپ ئاخىرلىشىدۇ.

ئالتىنچى ئىقلىم: بۇ ئىقلىمنىڭ تەربىيىتى ئەتارۇد يۇلتۇزى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇ كۈندۈزى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 15 سائەت داۋاملىشىدىغان جايدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆگزىسى (يۈزى)نىڭ مۇساپە يولى 235 مىڭ 34 پەرسەڭدۇر. بۇ ئىقلىمنىڭ ئادەملىرى بۇغداي ئۆڭلۈك. ئۇ شەرقتە يەجۇج – مەجۇج شەھەرلىرىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ، سىنجاب، كەنجال شەھەرلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئۆتۈپ، خارەزم شەھەرلىرىنىڭ بەزىسىدىن ئۆتۈپ، جىلان، قۇستەنتەنىيەنىڭ شەھەرلىرى، ئەندەلۇس شەھەرلىرىنىڭ شىمالىدىن ئۆتۈپ دەريايى شورغا يېتىپ ئاخىرلىشىدۇ.

يەتتىنچى ئىقلىم: بۇ ئىقلىمنىڭ تەربىيىتى ئاي بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇ كۈندۈزى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 15 سائەت داۋاملىشىدىغان جايدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆگزىسى (يۈزى)نىڭ مۇساپە يولى 187 مىڭ 721 پەرسەڭدۇر. ئۇ شەرقتە يەجۇج – مەجۇجنىڭ شەھەرلىرى، كىيمەك شەھەرلىرىدىن، خەلەنج شەھەرلىرىنىڭ شىمالى ۋە تارخان شەھەرلىرىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ دەريايى شور (تۇزلۇق دېڭىزى)غا يېتىپ ئاخىرلىشىدۇ.

بۇ ئىقلىمنىڭ بىر قانچە ئارىلى ئاۋاتتۇر، قالغىنى خارابدۇر. زىيادە سوغۇقلۇقىدىن ئادەم تۇرالمايدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ گۇمانىچە، ئۇ «رۇبئى مەسكۇن» (ئاۋات تۆتتىن بىرى)نىڭ ئاۋات يەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئىكەن.

قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

يەتتە ئىقلىمنىڭ بايانىدىن كېيىن، يەتتە ئىقلىم خەلقلىرى ئەھۋالىنىڭ بايانىغا كىرىش قىلىندى.

## يەتتە ئىقلىم خەلقلىرى ئەھۋالىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، ئاسمانلار يەتتە، سەييارىلەر يەتتە، زېمىنلار يەتتە، ئادەملەر يەتتە گۇرۇھ، ھەربىر گۇرۇھ يەتتە ئىقلىمنىڭ مەلۇم بىرىگە ئورۇنلاشقان. ئۇلار چىن، تۈرك، رۇم، ئەرەب، پارس، ھىندى، ھەبەشلەردىن ئىبارەت. بۇ يەتتە گۇرۇھدا يەتتە پەلەكتىكى يەتتە يۇلتۇز بىلەن ئوخشاش بولغان خۇي ۋە خىسلەتلەر باردۇر. يەنى ھەربىر ئىقلىمدا ياشىغۇچى خەلقلەردە شۇ ئىقلىمنى تەربىيە قىلغۇچى يۇلتۇز بىلەن ئوخشاش خۇي ۋە خىسلەتلەر باردۇر.

### تۆۋەندە چىن ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ

چىن زېمىنى كەڭ، ئۈچ ئىقلىمنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكەت. ئۇنىڭ پايتەختى «ھەجەر» دېيىلىدۇ. يەنە بىرى كاتتا شەھەر بولۇپ «كۇفە» دېيىلىدۇ. چىن پادىشاھى «ھەجەر»دە تۇرىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇ بولۇپ، ئەتراپىدا شەھەرلەر بار. چىن خەلقىنىڭ ئىلگىرىكى پادىشاھلىرى «فەغفۇر» دېيىلەتتى. بۇ زامانلاردا «تاغاچ خان» دېيىلىدۇ. بۇ ئىسىم سالجۇق

پەرزەنتلىرىنىڭ دەۋرىدە مەشھۇر بولغانىكەن. چىن خەلقى رەسىم سىزىشقا ماھىردۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار ئارىسىدا قەدىمدىن بۇيان بىر ئادەت بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ پادىشاھى يىلدا بىر قېتىم مەنسەپدارلار ئۈچۈن سورۇن تەييارلايدىكەن. بۇ سورۇنغا چىن خەلقىنىڭ ھەممىسى ھازىر بولىدىكەن. سورۇن تۈگەپ جامائەت يانغاندا مەيدان يولىغا چوڭ ياغاچ قويۇلىدىكەن، ھەربىر كىشى ياغاچتىن ئۆتمەكچى بولسا، قولىغا كەكە ئېلىپ مەزكۇر ياغاچقا بىر قېتىم چاپىدىكەن، بىرىنچى كىشى كەكە ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى كىشى ياغاچتىن ئۆتمەكچى بولغاندا يەنە قولىغا كەكە ئېلىپ بىرىنچى كىشىنىڭ نېمە سۈرەت ئويماقچى ئىكەنلىكىنى پەملەپ تۇرۇپ ئاخىرىغا يەنە بىر كەكە چاپىدىكەن. ئۈچىنچى كىشى ئۆتمەكچى بولغاندا يەنە ئىككىنچى كىشى كەكە چاپقان ئورۇننىڭ داۋامىغا ئۇنىڭ مەقسىتىنى پەملەپ تۇرۇپ كەكە چاپىدىكەن. تۆتىنچى كىشى ئۆتمەكچى بولغاندىمۇ يەنە قولىغا كەكە ئېلىپ ياغاچنى چېپىپ سۈرەتنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، شۇنداق قىلىپ ھەربىر كىشى بىر كەكىدىن چېپىپ ئاخىرىدا چىرايلىق سۈرەت ئويۇپ چىقىرىدىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ مىزاجىنىڭ ناھايىتى نازۇكلۇقى ۋە زېرەكلىكىنى بىلدۈرىدىكەن.

چىن خەلقىنىڭ ئېيتىشىچە، ھەممە ئالەم خەلقى كور ئىكەن، پەقەت رۇم خەلقىنىڭ بىر كۆزى بار ئىكەن، ئۇلار «يەكچەشمە» دېيىلىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەكچەشمىلەرنىڭ بازارلىرىدىكى خەلق چوڭ ھارۋا ياسارمىش، ماھارەت كۆرسىتىدىغانلار ئېغىر يۈك ـ تاقلىرىنى ئۈستىگە بېسىپ ئېلىپ ماڭىدىكەن، ئۇنى بىرەر كىشى ئىتتەرمىسىمۇ ئۆزى ماڭىدىكەن، توختاتماقچى بولغاندا تىلسىمنى تەۋرەتسە توختايدىكەن.

چىننىڭ ئاجايىباتلىرى تولا بولۇپ، بايان قىلغانغا تۈگىمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنىڭ بىلەن كۇپايىلەندۇق.

**تۆۋەندە تۈركلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ**

تۈركلەرنىڭ جامائىتى تولىدۇر. ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، گۇرۇھلىرى ھەددى ـ ھېسابسىزدۇر، شۇ سەۋەبتىن بايان قىلىنمىدى.

**تۆۋەندە ھىندى ۋە ھىندى خەلقىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ**

ھىندى زېمىنى كەڭدۇر، ئۇ يەردە باشقا ئەللەردە مەۋجۇد بولمىغان دورىلار باردۇر. مەسىلەن، ھېلىلە ئادەمنى رەڭلىك، تەبىئىتىنى ساغلام قىلىدۇ. ھىندى زېمىنىدا شاتۇتىغا ئوخشاش سۆزلەيدىغان ھايۋانلار باردۇر. پىل، زىراپىگە ئوخشاش ئاجايىب ھايۋاناتلارمۇ باردۇر. يەنە تۈرلۈك جاۋاھىراتلار، ئالماس كانلىرى ۋە باشقا كىشىلەر قىزىقىدىغان كۆپ نەرسىلەرمۇ باردۇر. ھىندى خەلقىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەرقانداق كىشىنى يىلان چېقىۋالسا، يىلان چېقىۋالغاندا ئوقۇيدىغان ئەپسۇننى ئوقۇپ دەم سالسا دەرھال ساقىيىدۇ. ھىندى خەلقى ئارىسىدا پېرىخونلۇق، سېھىرگەرلىك ۋە يۇلتۇزلار ئىلمى كۆپ تارقالغاندۇر، ئۇلار ئۇزلىرىمۇ بۇ ئىلىملار ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدۇ. ھىندى خەلقى كۆپ مەزھەپلەرنى تۇتقاندۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار 948 خىل مەزھەپ تۇتقانىكەن، ھەممىسى باتىل ئىكەن.

ھىندىنىڭ ئەنبە(ماڭگو) دېيىلىدىغان مېۋىسى ھەممە مېۋىلەردىن ياخشىدۇر. ئۇنىڭ دەرىخى چوڭ، يىلتىزى كۆپتۇر. بۇ مېۋە شاھجاھانئاباد، تەھتە، گۇجەرات، خاندىست، بەنگالە دېگەن يەرلەردىن چىقىدۇ، بولۇپمۇ بەنگالەدىن چىققىنى ھەممىدىن ياخشى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دادام «مەسنەۋىيىي پەرىخان»

ناملىق كىتابىدا ئەنبەنى تۆۋەندىكىدەك تەرىپلىگەن. مەسنەۋى:

دەرمەن ئەنبە ۋەسفىدىن چۈن سورسەلار، چوڭ بولۇپ پىشقاندا سارىغ رەڭ بولۇر.
ئەسەل ئانىڭ رىشكىدىن خۇن بولدىلار. ياغ ئانىڭ ئالدىدا بولدى سىركە دەك،
تۇتسام ئاتىن لەززەتى قەندنى بىرۇر، ئالتۇنۇ ياقۇتغە سەيقەل ياغدەك.
تىل تەماقغە، لەب لەبىمغە بەند ئۇلۇر. شەربەتى شىرۇ شەكەردىن ياخشى ئېرۇر،
قاتىغى لەئلىدەك، ئەمما بار شەكەر، كۆمۈش، ئالتۇن رەڭگىدەك ھەر رەڭ ئېرۇر.
يۇمشاقىدۇر ئول تىلايە نەرم تەر. سۇرەتى ئادەم دەرەختلەر ئۆزرە جاي،
كىچىكى مەشۇق دىلىدەك تەڭ ئېرۇر، ئول كەلىمى ئارزۇغە شۇئلە زاي.

ھىندىنىڭ يەنە بىر خىل مېۋىسى «ئانىناس» دېيىلىدۇ. ئۇ خۇش پۇراق، لەززەتلىك بولۇپ، تاتلىقلىقى ئاچچىقلىقىنى بېسىپ چۈشىدۇ. تاتلىقلىقى نورمال بولۇپ، يېمەكچى بولغاندا سۈيىنى سىقىپ ناۋات بىلەن قوشۇپ شەربەت قىلىپ ئىچسە بولىدۇ.

يەنە بىر خىل مېۋە بولۇپ، «مەۋز» دېيىلىدۇ، بۇ مېۋىسىنىڭ ئىسمى بولۇپ، دەرىخى «كىيلە» دەپ ئاتىلىدۇ. مېۋىسى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

يەنە بىرخىل مېۋە بولۇپ، تەنبۇل دېيىلىدۇ. ئۇ پان دەرىخىنىڭ بەرگىنى كۆرسىتىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنى چوڭ كۆرىدىغان بولۇپ، ئۆزلىرى ۋە مېھمانلىرى ئۇچۇن ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەزەسى بولمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ رەڭگىنى قىزارتىدۇ، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. داۋالاش ئىشلىرىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەمىر خۇسرەۋى ئېيتىپتۇكى: «تەنبۇل بىر دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىدۇر، ئۇ دەرەخنىڭ يۈز يوپۇرمىقىنى باغلاپ گۈلنىڭ يۈز بەرگىدەك قىلىپ بىر كىشىنىڭ قولىغا ئالسا بوستاننىڭ گۈلىدەك ناھايىتى چىرايلىق بولىدۇ. ئۇ ھىندىستان مەملىكىتىنىڭ نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ ئوبدىنىدۇر، ئۇنىڭ مېۋىسى جوزام كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ». ئۇ كىشى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تەنبۇل ئېغىزنىڭ بەتبۇيلۇقىنى يوقىتىدۇ، چىشلارنى چىڭىتىدۇ، توق كىشى يېسىمۇ دەرھال ئىشتىھا پەيدا قىلىدۇ، ئاچ كىشى يېسە ئاچلىقىنى پەسەيتىدۇ».

ھەقىقي ئەھۋالنى ئاللا بىلىدۇ.

## تۆۋەندە ھەبەش خەلقىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىندۇ

يەمەن ۋە ئەرەب مەملىكەتلىرىگە يېقىن بولغان ھەبەشلەر كۆپ ھۆرمەتكە ئىگىدۇر، ئەمما جەنۇبقا يېقىنراق بولغان ھەبەشلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى يوقتۇر. ئۇلارنىڭ رەڭگى قارىدۇر، قارىلىقى زېمىنىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن.

ھەبەشلەرنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، كۆزلىرى پولتاي، ئېغىزلىرى چوڭدۇر. ئۇلار «قەتادە»، «قەرتۇت»، «بىلى»، «ئەردەئىد» ۋە «غۇلام»غا ئوخشاش بىرقانچە قەبىلىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار جېدەلخور، ئۇرۇشقاقتۇر.

مەجدۇددىين مۇھەممەد ــ ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ــ ئۆزىنىڭ تارىخ كىتابىدا قاراخان خىتاينىڭ نەسەبى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىستان خانىنىڭ بىر قۇلى بار ئىدى، بۇ زەڭگىنىڭ قىياپىتى تۈركىستان خەلقىگە قىزىقارلىق بىلىنەتتى، ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك، باتۇر، زېرەك، بىلىملىك ئىدى. پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ، ئۇنى چوڭ ئىشلارغا بۇيرۇيتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ خاننىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ پادىشاھ بولۇشقا قۇدرەت تاپتى ۋە خانغا ئاسىي بولۇپ، خاننى ئۆلتۈرۈپ، تۈركىستان شەھەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلكىگە ئالدى، ئۇنىڭغا «قاراخان» دەپ نام

بېرىلگەنىدى. بۇ ئەفراسىياپنىڭ زامانىسى ئىدى.

ئاجايىپ ۋەقە: زەنگىلەر ئارىسىدا بىر قوۋم بولۇپ، يىلان يەيدۇ، زەھەر قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتىدىغان ياسى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، كۆپىنچە دەرەخ قوۋزىقىدىن ياسىلىدۇ، كۆچتە تۆمۈرگە تەڭ كېلىدۇ.

ئاجايىپ ئىشلارنىڭ يەنە بىرى شۇكى، زەنگىلەر دىيارىدا ئۆچكە تېرىسىنى ئاشلايدۇ، ناھايىتى يۇمشاق، رەڭلىك، نەقىشلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆتۈك تىكىدۇ، بۇ ئۆتۈك كونىرىمايدۇ. مەينەت نەرسە يۇقۇپ قالغاندا ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇۋەتسە ئەسلىدىكىدەك يۇمشاق ۋە يېڭى ھالىتىگە قايتىدۇ.

ئۇلارنىڭ دىيارىدا «كۇ» دېيىلىدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، شەكلى كالىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ، نەيزىدەك ئىككى مۈڭگۈزى بولۇپ، ھەرقانداق ھايۋان ئۇنىڭغا ئۇدۇل كەلسە دەرھال كۆيدۈرىدۇ. بۇ قوۋم ئۇنىڭ تېرىسىدىن قالقان ياسايدۇ، بۇ قالقاننىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ گەز بولىدۇ. ئۇ «سۇپەرى مەلبۇتى» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئوق ئۆتمەيدۇ. رەڭگى قەغەزگە ئوخشاش ئاق بولىدۇ.

## تۆۋەندە رۇم خەلقىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ

رۇم خەلقى مەملىكىتىدە ئون تۆت ئەمەلدار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى پادىشاھ «قەيسەر» دېيىلىدۇ. ھەربىر ئەمەلدارنىڭ رۇم خەلقىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. ھەربىر ئەمەلدارنىڭ 120 مىڭ كىشىلىك لەشكىرى بولىدۇ. ھەر ئون مىڭ كىشىگە بىر ئەمىرى تۇمەن باش بولىدۇ، رۇملۇقلار ئۇنى «بەتەرىق» دەيدۇ. ھەر «بەتەرىق»نىڭ ئون «نائىب»ى بولىدۇ. ئۇ «تەرانجان» دېيىلىدۇ. ھەر «تەرانجان» نىڭ ئون كىشىسى بولىدۇ. بۇ ئون كىشىنىڭ ھەربىرىنىڭ يەنە ئون كىشىسى بولىدۇ، ئۇ «ئاقوش» دېيىلىدۇ. بەزىدە «تەرانجان»نىڭ مىڭ كىشىسى بولىدۇ. بىر «ئاقوش» بىر «مەترەھ» كە ئەمىر بولىدۇ. ھەر «مەترەھ» يۈز كىشىگە ئەمىر بولىدۇ. ئون «خەرخەر» ئۇنىڭ پەرمانىدا بولىدۇ. ھەر «خەرخەر» ئون ئاتلىقنىڭ ئەمىرى بولىدۇ.

قەيسەرنىڭ نائىبى بولغان بەترىق «ئەسالتۇس»، مەسلىھەتچى ۋەزىر «بىدانەد»، دېۋانبېگى «يەدرىمەق»، قازى «بەرھەسەن» دېيىلىدۇ.

رۇم خەلقى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ «نىستۇرىيان»، «مەلكانىيان»، «يەقۇبىيان» غا ئوخشاش كۆپ مەزھەپلىرى باردۇر. ئۇلارنىڭ زېمىنىدا يەھۇدىيلار ۋە ئوتپەرەسلەرمۇ بار، رۇم پادشاھى ئۇلاردىن يىلىغا بىر تىللا باج (جىزيە) ئالىدۇ. بۇ يەھۇدىي ۋە ئوتپەرەسلەر ئارىسىدا «فەرەنج» (پەرەڭ) ئاتلىق بىر قوۋم بولۇپ، ناھايىتى باتۇر، قوراللىرى بەك ئېلغاردۇر، شۇ سەۋەبتىن ئىسلام شەھەرلىرىگە غەلىبە قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە «كوج» ئاتلىق بىر قوۋم بولۇپ، ئەرمىنىيە شەھىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنىدى. يەنە بىر قوۋم بولۇپ، ئەنلان، سەرىر، بابۇل - ئەبۋاب دېيىلىدىغان شەھەرلەرگە كەلگەن. سەرىر چوڭ شەھەر بولۇپ، تەبەرىستان ۋىلايىتىگە يېقىندۇر. پارس شەھەرلىرىنىڭ خەلقلىرى ئۇنى «دەربەند» دەپ ئاتىشىدۇ.

## تۆۋەندە ئەرەب خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ

ئەرەب خەلقىنىڭ تولىسى ئوقۇماس، يازماستۇر. ئەمما بىلىملىكتۇر. ئۇلارنىڭ زېمىنى «جەزىرەتۇل - ئەرەب» (ئەرەب ئارىلى) دېيىلىدۇ. چۈنكى، دەريالار ۋە باياۋانلار ئۇلارنىڭ زېمىنىنى قورشاپ تۇرىدۇ. خۇدايىتائالا ئۇلارنى تاللىغان، ئىززەت - ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتقاندۇر. ھەممىسىنىڭ پەخرى ۋە شەرىپى باردۇر. چۈنكى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت ئاتا قىلغاي — ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. يەنە خۇدايىتائالانىڭ كالامى ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن نازىل بولغاندۇر. ئۇلار قەدىم زامانلاردىن بۇيان ئىززەت ۋە شەرەپكە ئىگىدۇر. مەسىلەن، ئەرەبلەرنىڭ ئەسلى بولغان «تۇببەئ» يەمەن پادشاھلىرىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ئىدى. خۇدايىتائالا «تۇببەئ» نى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ) :ئۇلار ياخشىمۇ ياكى «تۇببەئ» قوۋمىمۇ؟ دېگەن.

ئەرەب خەلقى ئىچىدە يەنە «ئەئنانىيە» دېيىلىدىغان بىر قوۋم بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئىلىم ـ مەرىپەت كۆپ تارقالغان. نەھۋى (گىراماتىكا) ئىلمى ئۇلار ئارىسىدا پەيدا بولغان. مەسىلەن، ئەبۇ ئەسۋەدۇد دەيلەمى دېگەن كىشى نەھۋى ئىلمى توغرىسىدا كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كۆرسەتكەن. ھەزرەت ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ: «تۈزگەن نەھۋىڭىز ئەجەب ياخشى بولۇپتۇ» دېگەن، شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىلىم «ئىلمى نەھۋى» دەپ ئاتالغان.

ئەرەب قەبىلىسى ئىچىدە يەنە بىر قوۋم بولۇپ، يۈگۈرۈش ۋە تېز مېڭىشتا ئەرەبلەرنىڭ يۈگۈرۈك ئاتلىرىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. ئادەملەر ئىچىدە ھېچبىرى ئۇلار بىلەن تەڭ يۈگۈرەلمەيدۇ.

نەقىل قىلىنىشىچە، ئەرەبلەردىن بىرى ئېتىنى دەريانىڭ قىرغىقىدا توختىتىپ قويۇپ، يالىڭاچلىنىپ دەرياغا چۆمۈلگەن. بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىپ چاپتۇرۇپ كېتىپ قالغان. سۇنىڭ ئىچىدىكى ئەرەب سۇدىن ئالدىراپ چىقىپ كىيىملىرىنى تېز كىيىپ ئاتنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگەن ۋە يېتىشىپ ئېتىنى قايتۇرۇپ ئەكەلگەن.

ئەرەبلەرنىڭ يۈگۈرۈكلۈكى ھەققىدە يەنە بىر ۋەقە، بىر كىشى مۇنداق دەيدۇ: « بىر جامائە بىلەن مەككىگە كېتىپ باراتتۇق، يولدا بىر ئەرەب تىرىك كېيىكنى تۇتۇپ ساتقىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ. بىز ئۇنىڭدىن كېيىكنى سېتىۋالدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، كېيىكنىڭ ئەزالىرىنى تەكشۈرۈپ ھېچبىر زەخمىنى كۆرمىدۇق. بىز ئۇنىڭدىن: « بۇ كېيىكنى قانداق تۇتتىڭىز؟» دەپ سورىدۇق، ئۇ: « قوغلاپ تۇتتۇم » دېدى. بىز ئۇنىڭ سۆزىدىن تەئەججۈپلەندۇق. ئۇ: « سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭلار كېيىكنى قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنى يەنە بىر قېتىم تۇتۇپ بېرەي، تۇتالىسام يەنە شۇ باھاغا سېتىۋېلىڭلار» دېدى. بىز ماقۇل بولدۇق. بىز سىناق ئۈچۈن، كېيىكنى قويۇپ بەردۇق. ئەرەب قوغلاپ كېيىكنى تۇتتى ۋە قېشىمىزغا ئەكەلدى. ئۇنى يەنە شۇ باھاغا قايتا سېتىۋالدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن كېيىكنى بوغۇزلاپ كاۋاپ قىلدۇق. داستىخانغا قويۇپ، ئەرەبكە: «كېيىكنى بىز بىلەن يېگىن» دېدۇق. ئۇ قولىنى سوزۇپ، بىر پارچە كاۋاپنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ ماڭدى. يارانلار ئۇنى قوغلاپ تۇتماقچى بولۇشتى. ئۇ كەينىگە قاراپ «ئەي جامائەت، تىرىك كېيىك قولۇمدىن چىقىپ قۇتقۇزالمىغان يەردە، ئۆلۈك كېيىك مەندىن قانداق قۇتۇلالايدۇ؟» دېدى.

ئەرەبلەرنىڭ باشقا پەزىلەتلىرى ۋە ئاجايىباتلىرى كۆپتۇر.

**تۆۋەندە ئىراق ئەھلىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىندۇ**

ئەي بىلىم ئىگىلىرى، بىلگەيسىلەركى، ئادەم پەرزەنتىنىڭ مەزكۇر ئالتە جامائەسىنىڭ ھەربىرى جاھاننىڭ ھەرقايسى ئەتراپلىرىدا ئورۇنلاشقان. ئىراقى ئەجەم ئەھلى جاھاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئىقلىمدىدۇر. بۇ ئىقلىمنىڭ شەھەرلىرى پارس، خۇراسان ۋە ئىراقى ئەجەم شەھىرىدۇر. ئەجەم (ئەرەبتىن باشقا خەلقلەرنى، كۆپ ھاللاردا ئىران بىلەن تۇراننى كۆرسىتىدۇ) دۇنيادا كۆپ زامان پادىشاھلىق تۇتقان. مەسىلەن، كەيۇمەرس پادىشاھنىڭ زامانىسىدىن يەزدەجىر، پادىشاھنىڭ زامانىسىغىچە بەش مىڭ يىللىق پادىشاھلىق مۇددىتى ئۆتكەن.

ئىراقى ئەجەم پادىشاھلىرى گەرچە دىنى ئىسلامدىن يات بولسىمۇ، ئەدلى ئادالەتكە تىرىشىپ، پۇقرالارنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولۇپ، جاھاننىڭ ئاۋات بولۇشىغا ھەسسە قوشقان. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقى ئۇزۇنغا سوزۇلغان.

ئاللا ھەقنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات ئىشخانىسىدا)

غىياسىددىن

# مىرئاتى شەرئى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** «مىرئاتى شەرئى» (يول كۆرسەتكۈچى ئەينەك) ناملىق ئەسەر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا 19 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن ۋە خەلقىمىز ئىچىدە بىرقەدەر كەڭ تارقىلىپ، مۇئەييەن تەسىر قوزغىغان مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرى. بۇ كىتابتا دىنىي ئېتىقادقا دائىر بەزى شەرىئەت (ئېتىقاد يوللىرى) مەسىلىلىرى بايان قىلىنغاندىن باشقا، يەنە كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەتكە دائىر ئىجتىمائىي تېمىلارمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن. كىتابنىڭ ئاپتورى غىياسىددىننىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر مەلۇمات كەمچىل. كىتابتا ئاپتورنىڭ ئىسمى خېلى كۆپ ئورۇندا ئەسكەرتىلگەن. ئاپتور بۇ كىتابنى دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەرەب، پارسچە مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ، تۈركىي تىلدا يېزىپ چىققانلىقىنى مۇنداق ئەسكەرتىدۇ:

ئېيتىپ بەئزى يارانلارىم ئىقتىزا،
كى ئەيلەڭ بىزى ھاجەتىمىز رەۋا.
دەڭىز يەئنى تۈركىي تىل ئىلەن كىتاب،
كى بولسۇن ھەمە مەردۇ زەن كامىياب.

ئاپتور ئۆزىنىڭ مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقانلىقىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن بايان قىلغان:

ئەگەر چەند شۇغلىم فەراۋان ئىدى،
نەچە ئىشكە كۆڭلۈم پەرىشان ئىدى.
خۇسۇس دەرسگولىككى تا سۇبھىدىن
كېچە سۇلىسغە بارغاي ئېردى يەقىن.
گەھى فىقھۇ تەفسىر، گاھى كەلام،
گەھى ھەم ھەدىسى رەسۇلى ئەنام.
گەھى مەنتىقۇ نەھۋۇ گاھى ئۇسۇل،
گەھى سەرفى ئىئلالۇ فىئلۇ فۇئۇل.

بۇ مىسرالاردىن ئاپتور غىياسىددىننىڭ مەدرىسىدە كۆپ خىل ئىلىملەردىن دەرس بېرىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بىر قابىل مۇدەررىس ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىي قاراشلىرىدىكى بىر قاتار ئىلغار تەشەببۇسلىرى ئاپتورنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تەرەققىيپەرۋەر، خەلقپەرۋەر كىشى ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. «مىرئاتى شەرئى» ناملىق بۇ كىتابنىڭ شېئىرىي سەنئىتى ۋە تىل سەنئىتىدىن ئاپتورنىڭ بەدىئىي سەنئەت جەھەتتە، تىل ۋە تەرجىمە سەنئىتىدە پىشقان ئەدىب ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ. بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى گۈزەللىكى، تىل جەھەتتىن ئۆتكۈر، ئىخچام ۋە دەللىكى، ۋەزىن جەھەتتىن راۋانلىقى، قىسقىسى، پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتە

يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. «مىرئاتى شەرق»دە بايان قىلىنغان دىنىي ئېتىقاد مەسىلىلىرى ئەلۋەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ تەلىپى ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئېھتىياجى بويىچە شەرھلەنگەن؛ بۇ ئاشۇ دەۋر، ئاشۇ شارائىتنىڭ ئىدىيىۋى چەكلىمىلىكلىرىنىڭ ئاپتور ئىدىيىسىدىكى ئىنكاسىدۇر.

بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىكى قىممىتىنى ۋە ئەينى دەۋر ئىدېئولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئوينايدىغان رولىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسەرنى قىسقارتماستىن، تولۇق نەشرگە تەييارلىدىم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئەسەرگە نىسبەتەن تەنقىدىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىنى، پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، پايدىسىز تەرەپلىرىگە نىسبەتەن تەنقىد نەزىرى بىلەن قارىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى تەۋرەنمەس مەۋقەيىمىزدۇر. مۇشۇ مەۋقەدە چىڭ تۇرساقلا، بىز ھەرقانداق قەدىمىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى بۈگۈنكى يېڭى دەۋر مەدەنىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز. شۇنداقلا، قەدىمىي مىراسلارنىڭ ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىكى تارىخىي چەكلىمىلىكلىرىدىن ھالقىپ چىقالايمىز ۋە ئۇنىڭ ناچار تەسىرىدىن ساقلىنالايمىز.

بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم

سىپاسۇ ستايىش ئەزەلدىن فۇزۇن،
سەناۋۇ تەھەييات ھەددىدىن فۇزۇن.
ئۇشۇل خالىقى ئەرزۇ ئەفلاككە،
ئەزىز جان بەرەن بۇ كەفى خاككە.
خۇداۋەندى روزى دەھى ئىنسۇ جان،
ئەدەمدىن چىقاردى زەمىنۇ زەمان.
ئىكى ھەرفدىن مۇنچە دىلكەش سۇۋەر،
ۋۇجۇدىن ئېتىپ بارچەنى بەھرەۋەر.
قىلىپ قەترەئى سۇنى دۇررى خۇشاب،
قۇرۇق چۇبدىن زاھىر ئەيلەپ گۇلاب.
بەنا ئەيلەدى يەتتى كاخى بەلەند،
سۇرۇپ ھەر تەرەفكە كەۋاكىب سەمەند.
تەھەررۇكدە بىر لەھزە ئارام يوق،
ئالارگە يۇرۇردىن بۆلەك كام يوق.
تەفاۋۇتدە ھەر بىرگە سۇرئەت بېرىپ،
كەۋاكىب بىلە زىيبۇ زىينەت بېرىپ.
ئېتىپ سەبئە سەييارەنى تېز رەۋ،
كى سۇرئەتتە ئىلتىپ فەلەكدىن گەرەۋ.
سەۋابىدنى ئەيلەپ بەسى سۇست گۇش،
چېكىپ زۇھرە نەغمە، ئەتارۇد خەمۇش.
تىكەندىن چىقاردى گۇلى رەڭگۇ رەڭ،
ئانى قۇدرەتىغە ئېرۇر ئەقل دەڭ.
نە ئەفلاك، نە يەردىن ئېردى نىشان،
كى بار ئېردى مەئبۇدى كەۋنۇ مەكان.
خۇدايى جەھاندۇر كەرىمۇ ئەھەد،
جەلالەت ئارا زاتى فەردۇ سەمەد.
سىفاتى ئانى «قۇلھۇۋەللاھ»دۇر،
ئۇلۇسنى زەمىرىدىن ئاگاھدۇر.
ئېتىپ بەندەلەر بەئزىسىن ئەنبىيا،
يەنە فىرقەئىينى ئېتىپ ئەۋلىيا.
بىرەۋنى ئېتىپ شەيخۇ بىرنى سەبىي،
بىرەۋنى زەكىي ئەتتى، بىرنى غەنىي.
قىلىپ بىرنى شاھۇ بىرەۋنى گەدا،
بىرەۋغە بېرىپ بۇخلۇ بىرغە سەخا.
ئىلاھا، خۇدايى كەرىمۇ رەھىم،
غەفۇرەن رەھىمەن، ئەلىمەن ھەكىم.
بەھەققى خۇداۋەندى ئالەملىغىڭ،
خۇداۋەندلىغدە مۇسەللەملىغىڭ.
بەھەققى ئۇلۇغ زاتىڭ، ئەي زۇل - جەلال،
سىفاتىڭ ئېرۇر لەمىيەزەل، لايەزال.
ھەمە ئەنبىيائۇ رەسۇل ھۇرمەتى،
ئۇشۇل نۇھ ھادىس - سەبىل ھۇرمەتى.

خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلات،
كى تاھاۋۇ ياسىن ئاڭادۇر سىفات.
بەئەئزاز تۆرت رۇكنى ئەئلايى دىن،
ئېرۇر ھەرقايۇ دۇررى دەريايى دىن.
بەزەۋجات ھەم ئەھلى بەدرى چۇنىن،
تاپىپ شەرەف ئالاردىن بەسى زىبۇ زىن.
شەھىدلەركى جان ئەتتىلەر سەرفى دىن،
ئالار ئۇچۇن، ئەي ئەكرەمۇل - ئەكرەمىن.
ئۇشۇل ۋەقتكىم بولدى ئۇمرۇم ئاخىر،
يىغىلسە باشىمغە سەغىرۇ كەبىر.
كېلەر ئەزرائىل قەسدى جان ئەتكەلى،
تەنۇ بەندلەر ناتەۋان ئەتكەلى.
كېلەر ئۇل لەئىن قەستى ئىمان ئېتىپ،
تۇمەن ھىيلەۋۇ مەكرى ئۇنۇۋان ئېتىپ.
ئىلاھا، ئۆزۈڭ ساقلا ئىمانىمىز،
ئانىڭ شەررىدىن بول نىگەھبانىمىز.
چۇئىلتىپ لەھەد ئىچرە كىرگۇزسەلەر،
ئانى خىشتۇ خاك ئىلە تولغۇزسەلەر.
ئەمان بەر بىزە قەبرە تەئزىبىدىن،
بەھەققى مۇھەممەد رەسۇلى ئەمىن.
ئەگەر كىرسە سورماققە مۇنكىر، نەكىر،
جەۋابىنى بەرمەققە ئەتكىن دەلىر.
ئۇشۇل كۈنكى بولغاي قىيامەت ئەيان،
ئانى شىددەتى شەق ئېتەر ئاسمان.
كۆچەر ئورنىدىن بۇ بىيىك تاغلار،
ئۇچار كۆككە مانەند ياپراغلار.
قاچار قىز ئانادىن، ئوغۇلدىن ئاتا،
ئېتىپ ھەركىم ئۆز ھالىغە ئاھۇ ۋاھ.
ئۇشۇل دەم بىزە بەرمە شەرمەندەلىق،
ئەگەرچە ساڭا قىلمادۇق بەندەلىق.
بىزە باقما باققىل رەھىم ئاتىڭا،
غەففۇرۇ رەھىمۇ كەرىم ئاتىڭا.
ئەت ئۇشبۇ قاتىغ كۈننى ئاسانىمىز،
بولۇپ لۇتفى بىرلە نىگەھبانىمىز.
ئىككى يولنى باشىغە كەلتۇرسەلەر،
بىرى جەننەتۇ بىرى نارى سەقەر.
تەلەتتۇف ئېتىپ، ئەي خۇدايى كەرىم،
ئالىپ بار بىزى سۇيى خۇلدى نەئىم.
بىھىشت ئىچرە كۆرسەت جەمالىڭنى ھەم،
نەسىب ئەيلە بىزگە ۋىسالىڭنى ھەم.
خۇسۇسەن غىياسىددىننى خەستە دىل،
گۇناھى فەراۋانلىكىدىن خىجىل.
گۇناھ خەمرىدىن دائىما مەست ئولۇپ،
مەئاسىي تەنابىگە پابەست ئولۇپ.
نە ئىلكىمدە بىر تائەتى بىرىيا،
نە كۆڭلۇمدە بىر زىكرۇ فىكرى خۇدا.
گۇنەھكارلاردىن گۇنەھكارراق،
ھەمە ئاسىيلاردىن تەبەھكارراق.
ئۆتۈپ ھەيف ئۇمرۇم زەبۇنلۇق بىلە،
بارىپ نەفسى رەئىيغە دۇنلۇق بىلە.
ئۆزۈڭ زاتىڭۇ ھەم سىفاتىڭ ھەقى،
ھەم ئاياتۇ ھەم مىلك بىر ئاتىڭ ھەقى.
ھەمە ئەنبىيا، ئەۋلىيا ئىززەتى،
جەمىئى پەرىشتەلەرىڭ ھۇرمەتى.
كى كەچكىل گۇناھىمنى غەففارسەن،
كەرەم بىرلە سەتر ئەيلە سەتتارسەن.
مۇتىئلارغە بەرسەڭ سەۋابى ئەمەل،
تاپار ھەر كىشى قەدرى تائەت مەھەل.
قولۇمدە ئەگەرچەند يوق تائەتىڭ،
ۋە لېكىن ئۇمىد كۆپ قىلىپ رەھمەتىڭ.
تىكىپ كۆزىمى رەھمەتى ئامىڭا،
قويۇپ كۆڭلىمى لۇتفۇ ئىنئامىڭا.

## مۇناجات بەدەرگاھى قازىيەل - ھاجات

ئىلاھا، زاتى پاكىڭ ھۇرمەتى لۇتفۇڭ ماڭا يار ئەت،
مەئاسىي خەمرىدىن سەرمەستلىك كۆپ بولدى، ھوشيار ئەت.
ياتارمەن شامدىن تا سۇبھى راھەت بىستەرى ئۇزرە،
تەرەھھۇم بىرلە غەفلەت ئۇيقۇسىدىن ئەمدى بىيدار ئەت.
قولۇم گەرچە گۇنەھلەر كاندۇر، ھىممەت ئەساسىن بەر،
كۆزۈم ھەر چەند ئىسيان غەرقىدۇر، شايانى دىيدار ئەت.

تامۇز بىر قەترە شەۋقىڭ جامىدىن جانىم دىماغىيغە،
ئىشىم تۈن كېچەلەر ئاھۇ سەھەرلەر نالەئى زار ئەت.
كۆڭۈلگە زەررەئى ئىشقىڭنى سال، بىخۇد بولاي ئۆزدىن،
نە مەغرۇرى پېيشۇ سەججادەۋۇ مىسۋاكى دەستار ئەت.
ئەزىزلەر خىزمەتىدىن قىلماغىل بىردەم يىراق، يا رەب،
مۇھەببەتسىز كىشىلەر سۆھبەتىدىن بىزنى بىزار ئەت.
قىيامەت كۈنكى يەر مىسدەك قىزىر، كۆكلەر تېمۇر ياڭلىغ،
ئىلاھا، بىزگە لۇتفۇڭنى ئۇشۇل كۈندە مەدەدكار ئەت.
ھەبىبىڭ ھۆرمەتى ھەم ئەھلى بەيتى ئالى ئەسھابى،
مەبى تەۋھىددىن، يا رەب، غىياسىددىننى سەرشار ئەت.

## نەئتى ئان ھەزرەتى خەيرۇل - بەشەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە ئالىھى ئەل - ئەتھەر

مۇھەممەد شەھەنشاھى خەيلى رۇسۇل،
ھەبىبى خۇدا، سەييىدى جۇزۇ كۇل.
قۇرەيشى نەسەبدۇر لەدۇنى ھەسەب،
باشىدىن ئاياغ غەرقى ئىلمۇ ئەدەب.
ئېرۇر ئىللەتى غايىئى كائىنات،
ۋۇجۇدى تىلفەيلى ھەمە كائىنات.
باشىغە لىئۇمرەك كەبى تاجدۇر،
جىنۇ ئىنس لۇتفىغە مۇھتاجدۇر.
سىپىھرى رىسالەتدە بەدرى مۇنىر،
نۇبۇۋۋەت رۇمۇزىيغە رەۋشەن زەمىر.
شەرەف بۇرجىدە ئافتابى رەفىئ،
گۇنەھكار ئۇممەتلەرىغە شەفىئ.
سەفا سۇففەسى ئۇزرە سەدرەس - سۇدۇر،
ۋەفا ئەۋجى بۇرجىدە بەدرەل - بۇدۇر.
مەقامى «ئەۋئەدنا»دە مەسنەد نىشىن،
تاپىپ زاتىدىن زىيب بەزمى يەقىن.
جەنابىغە «لەۋلاكە» كەلدى خىتاب،
يۈزىدىن ئېتەر كەسبى نۇر ئافتاب.
يۈزى نۇرى تۇفراغنى گۇلشەن ئېتىپ،
زىياسى توقۇز كۆكنى رەۋشەن ئېتىپ.
مەلائىك قەدەمگاھىن ئەيلەر تەۋاف،
ھەقىقەت رۇمۇزى ئارا مۇ شىكاف.
سۇمەندىنى ئەفلاك ئۈزە يەتكۈرۈپ،
مەلائىك غۇبارىنى كۆزگە سۈرۈپ.
ۋۇجۇدى ئېرۇر رەھمەتى ئالەمىن،
بېرىپ زاتى دۇنياغا يۈز زىيبۇ زىن.
تىفەيلىدىن ئول سەييىدى مۇھتەرەم،
كېلىپ بىزغە مەنشۇر خەيرۇل - ئۇمەم.
كىشى كىم چىقار خەتتى فەرمانىدىن،
كېچىپ جانىدىن بەلكى ئىمانىدىن.
ئولۇپ نۇرىدىن ئىككى ئالەم پەدىد،
مەلائىك، جىنۇ خەيلى ئادەم پەدىد.
چۇ ئادەمدىن ئول نۇرى قىلدى تولۇئ،
سۇجۇدىغە قىلدى مەلائىك شۇرۇئ.
ھەم ئول ئېردى نۇھى نەبىيدىن ئەيان،
كى تۇفان ئاڭا ئەتمەدى بىر زىيان.
خەلىل ھەم ئىدي مەزھەرى ئول زىيا،
كى قىلمادى نەمرۇد ئوتىدىن ئىبا.
ھەم ئېردى ئۇشۇل نۇردىن فەيزۋەر،
سىمائىلغە تىغ قىلماي ئەسەر.
كەلىم كۆڭلىدە چۈن ھەۋاسى ئىدى،
كى فىرئەۋنىيلەر زىيرى پاسى ئىدى.
سۇلەيمان تاپىپ مۇنچە جاھۇ جەلال،
ئانى فەيزىدىن ئەتتى كەسبۇ كەمال.
كەتۇردى شەفىئ ئول شەھى مۇھتەرەم،
بولۇپ ۋەسلى يۇسۇفغە يەئقۇب ھەم.
بولۇپ ئىيسا ئەنفاسىدىن مۇستەفىد،
كى بەردى ئۆلۈكلەرغە جاندىن نەۋىد.
بار، ئەلقىسسە، ھەر سىفلىيۇ ئۇلۇۋىيات،
ئايۇ كۈنۇ يەر كۆكۇ ئالتى جىھات.
ئېرۇر زاتى مەقسۇد بارچە تىفەيل،
ۋۇجۇد ئىچرە سەرخەيل ئول جۇملە خەيل.
بولۇپ ئىللەتى غايىئى ماسەۋاھ،
بۇ دەئۋاغە لەۋلاكە رەۋشەن گۇۋاھ.

* *

سەلامى ئەلەيك، ئەي رەسۇلى ئەمىن،
نەبىي خاتەمى سەييىدۇل ـ مۇرسەلىن.
ئەزىز زاتىڭىز مەزھەرى لۇتفۇ جۇد،
دۇرۇد ئايدى سىزگە خۇدايى ۋۇدۇد.
رىسالەت سەرىرىدە شاھى خەلىل،
تۇتۇپ ئەمرىنى جان بىلە جىبرەئىل.
ئىرۇر ئۇممەتىغە رەسۇلى جەھان،
ئاتاۋۇ ئانادىن فۇزۇن مېھرىبان.
ئايا ھەزرەتى كارى لۇتفۇ سەخا،
غەرىبلەرغە يوق سەن كەبى مۇلتەجا.
باق ئۇممەتلەرىڭ سارى شەفقەت بىلەن،
گۇنەھكارلارغە مۇرۇۋۋەت بىلەن.
قالىپمىز مەئاسىي قولىدە ئەسىر،
تەرەھھۇم قىل ئەي بىزگە سەن دەستگىر.
ئىشىمىز ئەگەرچە قەباھەت ئىرۇر،
ئاتىمىز ۋەلې سىزگە ئۇممەت ئىرۇر.
قىيامەتتە بار ھەركىم ئۆز ھالىغە،
قارامای بىرەۋ بىرنى ئەھۋالىغە.
يەرۇ ئاسمان پىچۇ پىچ ئولغۇسى،
ئۇلۇغ تاغلار بارچە ھىچ ئولغۇسى.
ھەمە ئۇممەتىڭ ياشىدىن تا قارى،
شەفائەتدىن ئۇمىد ئەيلەر بارى.
بارىنى شەفائەتدىن ئەت بانەسىب،
خۇداۋەندىنى ھۇرمەتى، يا ھەبىب.
ئەگەر ئۇممەتىم دېمەسەڭ ئول زەمان،
بىزە يىغلاغايلار زەمىنۇ زەمان.
سەن ئەتسەڭ بىزى رەد، كىم ئەتكەي قەبۇل،
نەمىز بار بەجۇز، ھەزرەتىڭ، يا رەسۇل.
خۇسۇسەن غىياسىددىنى پۇرگۇناھ،
بولۇپ ھالى بىھۇدەلىكدىن تەباھ.
ئانىدەك گۇناھكارراق يوق كىشى،
ئۆتۈپ ھەشۇۋۇ لەغۋ ئىلە يازۇ قىشى.

* *

ئەي رىسالەت ئاسمانىدە يۇزۇڭ بەدرى مۇنىر،
ئەنبىياۋۇ ئەنبىيالار زاتىڭىزدىن مۇستەنىر.
گەردى راھىڭنى مەلائىكلار ئېتىپ كۆھلۇل ـ بەسەر،
خاكى فايىڭ دۇررەتۇت ـ تاج ئەتتى سۇلتانۇ ئەمىر.
غەيرى ئۇممىدى شەفائەت ھېچ تائەت مەندە يوق،
ۋاي ئۇممەت ھالىغە گەر بولماساڭىز دەستگىر.
ئۆمرى بىجا ھەرزەلىك بىرلەن تەلەف ئەتتىم كۆنۈن،
يوق قولۇمدە بىر ئەمەل نەقدىنەسى، بارمەن فەقىر.
جان بىرۇر ھالەتتە قەسد ئەتسە لەئىن ئىمانىمە،
مەرھەمەت ئەيلەپ بول ئول دەمدە نىگەھبانى زەھىر.
يا رەسۇلۇللا، تەرەھھۇم ئەت غىياسىددىنغەكىم،
نەفسى شەيتان دامىدە قالدىم گىرىفتارۇ ئەسىر.

## ئەلقابى چەھار يارى ئىزام

نۇخۇستىن ئىمامۇ ئەمىنى ئۇمەم،
ۋۇجۇدى ئىرۇر كانى جۇدى كەرەم.
كەرامەت سىپىھرىدە بەدرى مۇنىر،
سەداقەت سەرىرىدە شاھۇ ئەمىر.
پەيەمبەرگە ھەم يارى غار ئېردىلەر،
ھەم ئىسلامۇ دىنىغە مەدار ئېردىلەر.
ئىككىنچى ئىمام ئەئدەلى روزگار،
ئەدالەت ئېتىپ زاتىدىن ئىفتىخار.
رەۋاجى شەرىئەت ئۇچۇن زەررەنى،
ئۇرۇپ قويمايىن نەھيىدىن زەررەنى.
بۇدۇر سەۋلەتى دىنۇ نۇرى يەقىن،
قاچار سايەسىدىن بەلىسى لەئىن.
كۆرۈڭ فەزلىكىم دېدى خەيرۇل ـ بەشەر:
ئۇمەرنى تىلىدىن خۇدا نۇتق ئېتەر.
ئۇچىنچى ئىمام ئەتتى جەمئى كەلام،
قىلىبان بۇ ئىشدە بەسى ئىھتىمام.
دېدى ھەزرەتى خاتەمۇل مۇرسەلىن:
مەلائىك ئېتەر شەرم ئۇسماندىن.

ئىدى مەئدەنى ئىلمۇ كانى فۇھۇم،
سەخا قۇلزۇمى ئېردى، بەھرى ئۇلۇم.
نەبىيدىن ئىككى نۇر قىلدى زۇھۇر،
ئاڭا بولدىلار نۇر ئۇستىگە نۇر.
چۇ تۆرتىنچى بولدى ئىمامى زەمان،
تولۇپ ئەدلىدىن يەر بىلە ئاسمان.
كۆرۈك رۇتبەسىنكىم، دېدىلەر نەبىي:
ئەلى ماڭا مۇساگە ھارۇن كەبى.
ئىدى ئىككى خۇرشىد نۇرگە بۇرج،
ھەم ئول ئىككى تابەندە گەۋھەرگە دۇرج.
رەسۇل قىزلارىغە ئانى جۇفت ئېتىپ،
خۇدانى كەنىزىگە ھەم خۇفت ئېتىپ.
بارى ئالۇ ئەسھاب فەخرى جەھان،
ھەمە رازدانى رۇمۇزى نىھان.
ھەم ئىككى ئىمامى سەئادەت سىرىشت،
بىرى گۈل بىرى سەرۋى باغى بىھىشت.
ھەمە كەۋكەبى ئاسمانى يەقىن،
ھەمە زىينەت ئەفزايى شەرئى مەتىن.
ھەمە رەھنەمايى تەرىقى فەنا،
ھەمە مەجلىس ئارايى سىدقۇ سەفا.
ھەمە شىھنەئى خەتتەئى مەئرىفەت،
ھەمە تەۋرى ئىرپاندا مۇسا سىفەت.
ھەمە گۈلبۇنى بوستانى قەبۇل،
ھەمە ئافتابى سىپىھرى ۋۇسۇل.
ھەمە جانلارىدىن نىسارىي قىلىپ،
ھەمە ھىرسدىن ئۆزنى ئارىي قىلىپ.
ھەمە ئالەمى قۇدسگە جا ئېتىپ،
ھەمە ماسەۋادىن تەبەررا ئېتىپ.
ئىلاھا بۇ مەجمۇئ ھۆرمەتلەرى،
رەسۇل ئەھلى بەيتىيۇ ئىززەتلەرى.
بىزە رەھمەتىڭنى نەسىب ئەيلەگىل،
ئېتىپ لۇتف، ئۆزۈڭگە قەرىب ئەيلەگىل.
يەتۇر لۇتف ئامىڭا ھەر جەمئى خەير،
يامانلارنى ئەت ياخشىلارغە تىفەيل.
بۇ بەندە غىياسىدىنى پۇر زۇنۇب،
ئەگەرچەند باشتىن ئاياغدۇر ئۇيۇب.
مۇتىئ بەندەلەر ھۆرمەتى، يا كەرىم،
ئانى ئەتمە مەھرۇم لەتىفى ئەمىم.
يەنە سۆز يولىن قىلغىل ئاڭا كۇشاد،
كى قىلسۇن شەرىئەت سۆزىدىن سەۋاد.

* *

تىلىمغە قىلىپ جارىي ھەمدى خۇداي،
بولاي بىرنەچە سۆزگە دەستان سەراي.
كى بىرنەچچە كۈن جەھد ئىلە جىد ئېتىپ،
ئەھادىسى نەۋرۇزە شەرھى پىتىپ.
مۇناسىپ كەتۇرۇپ نەچە مەسئىلە،
ئەھادىسۇ ئاياتۇ كۆپ مەسئىلە.
يەنە نەچچە كۈن ئەيلەدىم جەھدى ئەزم،
كى ئادابۇ تەئلىم نەزمىدە جەزم.
بەھەمدۇللاھ، ئول فارسى نەزم ئولۇپ،
مۇھەسسەللەرە فەھمى ئاسان بولۇپ.
قىلىپ بەئزى ئىخۋان يەنە ئىقتىزا،
كى ئەيلەپ بىزى ھاجەتىمىز رەۋا.
دەگىز يەئنى بىر تۈركىي تىلدە كىتاب،
كى بولسۇن ئۇلۇس بارچەسى بەھرەياب.
ئەگەر تاپسا ئول ئىككىدىن خاس كام،
بولۇپ بەھرەۋەر تۈركىيدىن خاسۇ ئام.
بەيان بولسۇن ئاڭا زەرۇراتدىن،
ئۇسۇلۇ فۇرۇئۇ ئىباداتدىن.
يەنە نەچچە سۆزلەركى باردۇر زەرۇر،
ئانى بىلمەكى خاھ ئۇناسۇ زۇكۇر.
ئەگەرچەند بار ئېردى شۇغلۇم كەسىر،
فەراغىم يوق ئېردى زەمانى قەسىر.
ۋەلي شۇل ئۇمىد بىرلە قىلدىم شۇرۇئ،
كى ئەل كۆرسەلەر بول ئۇسۇلۇ فۇرۇئ.
ئۆزۈمدىن كېيىندە دۇئا ئايتسالار،
مېنىڭ چۈن خۇداغە سەنا ئايتسالار.

چۇ مۇندىن بىلىنۇردى شەرئى ئەسلى فەرئى،
ئانىڭ چۈن ئاتى بولدى «مىرئاتى شەرئى».
گۇناھىنى ئەفۇ ئەتكى غەففارسەن،
ئۇيۇبىنى ياپقىلكى، سەتتارسەن.

* *

بەيان ئەيلەيىن ئىئتىقاداتدىن،
مۇسۇلمانچىلىقدە زەرۇرراتدىن.
ئەگەر بولماسە ئىئتىقادىڭ بەجا،
نەماز رۇزەلەر بارچە ھىچۇ ھەبا.
دۇرۇس ئەتمەسە ئىئتىقادنى كىشى،
قەبۇل ئولماس ئەلبەتتە ئول قىلمىشى.
نۇخۇست ئۇلكى ئەللاھ مەۋجۇد ئېرۇر،
ۋۇجۇدى ئانى زاتىدىن بۇد ئېرۇر.
تاپىپ جۇملە ئالەم خۇدادىن ۋۇجۇد،
ۋەلې ئول ئۆزى زاتىدىن بولدى بۇد.
خۇدانى سىفاتى ئېرۇر ئىككى قىسىم،
سەبۇتىي بىرىدۇر، بىرى سەلبىي ئىسىم.
سىفاتى سەبۇتىيسى سەككىز ئېرۇر،
بىرى ئىلم، يەئنى ھەمەنى بىلۇر.
كىشى كۆڭلىدە ھەرنە قىلسە خۇتۇر،
بىلۇر جۇملەسىن بىخىلاپۇ قۇسۇر.
جەھاندە نەكىم بار زۇھۇرۇ نىھان،
ئانى ئىلمىدە بارچەسىدۇر ئەيان.
ئىككىنچىسى قۇدرەت ئېرۇر، يەئنى ھەق
تەۋاناكى، بەردى جەھانغە نەسەق.
چىقاردى ئەدەمدىن سەماۋاتنى،
جىنۇ ئىنس ھەم ئەرزۇ زەرراتنى.
ئىككى ھەرفدىن قىلدى ئالەم پەدىد،
ۋۇھۇشۇ مەلەك، تەيرۇ ئادەم پەدىد.
ئاڭا ھەرنە ئىش قىلسە ئاسان ئېرۇر،
ئانى ھۇكمىدە بارچە يەكسان ئېرۇر.
ھەياتدۇر ئۈچىنچىسى، يەئنى خۇدا
تىرىكدۇر، ئاڭا ئۆلمەك ئېرمەس رەۋا.
ئەزەلدىن ئەبەد بار ئاڭا زىندەلىق،
مۇسەللەم ئېرۇر ئاڭا پايەندەلىق.
ئېرۇر سەمئ تۆرتىنچى، يەئنى خۇدا
ئىشىتكەي نە سۆز بار ئەيانۇ خەفا.
بەشىنچى بەسىر، يەئنى بىينا ئېرۇر،
كۆرەر ھەرنە ئالەمدە پەيدا ئېرۇر.
ئىرادە سىفاتىنى ئالتىنچىسى،
ئېرۇر خاھلاماق ئول سىفەت مەئنىسى.
نەكىم ئەتسە پەيدا ئىرادە ئېتەر،
ئۇشۇل خەيردۇر خاھۇ خاھىكى شەر.
ئانى يەتتىنسى، يەئنى تەكۋىن ئېرۇر،
چىقارماق ۋۇجۇدغە ئەدەمدىن ئېرۇر.
بارى مۇمكىناتلاركى مەۋجۇددۇر،
ئالار ۋەسفى تەكۋىن ئىلە بۇددۇر.
ئېرۇر سەككىزىنچى سىفاتى كەلام،
تەكەللۇم ئېتەر ۋەسفى زاتى كەلام.
پەيەمبەرلەرە كەلدى بۇ تۆرت كىتاب،
بارى ئەمرۇ نەھيۇ ئەزابۇ سەۋاب.
ئالاردىن بۇ ئىنجىلۇ تەۋراتدۇر،
زەبۇر بىرلە فۇرقان زۇل - ئاياتدۇر.
كەلامى خۇدانى بىلىڭ ئىككى قىسىم،
بىرى لەفزىيۇ بىرىگە نەفس ئىسىم.
ئۇشال مەئنىكىم قايىمى زاتدۇر،
مۇئەسسەرۇ نەفسىيۇ مەدلۇل ئېرۇر.
بۇل ئەلبەتتەدۇر دائىمىيۇ قەدىم،
ھەمىشە ئېرۇر زاتى ھەقدە مۇقىم.
نە ئەلپازكىم ئاڭا بولمىش ئەسەر،
ئېرۇر ھادىس ئاڭا دەلالەت ئەسەر.
مۇنى نەفسىي، ئەۋۋەلكىنى لەفزىي بىل،
بۇ يەر تەڭگدۇر ئىكتىفا شۇنگە قىل.
بۇ سەككىز سىفاتى سەبۇتىي قەدىم،
كىشى ھادىس ئەر دىسە جانى جەھىم.

## سفاتى سەلبىيەنى باياندۇر

سفاتنكى سەلبىي ئىرۇر ئككى بىل،
شەرىكۇ ئۇيۇبدىن بارى، لىك بىل.
ئانى زاتىگە زەررە نۇقسى زەۋال،
پەيدىن ئۇلماكى مەھزى ئەمرى مەهال.
ئەرىرى خۇدا جىسمى جەۋھەر ئەمەس،
ئەمەس ساھىب ئەجزا مۇسەۋۋەر ئەمەس.
نە سۇرەد ئاڭادۇر رەۋانە مىسال،
نە ئەقل ئاڭا يەتكەي، نە ۋەھمۇ خەيال.
ئاڭا ھىچ نىمە مىسلۇ مانەند يوق،
ئۇلۇغ زاتىغە چۇن ئىلە چەند يوق.
نە ئاڭا مۇئىن بار، نە يارۇ ۋەزىر،
نە فەرزەند بار، نە خاتۇن بار، نە ئەر.
ئاڭا يوق تەجزىيۇ تەبئەز رەۋا،
نە ئاڭا بەرادەر، نە ئاتە - ئانا.
جىھەت ئاڭا مۇمكىن ئەمەس يا مەكان،
تەبارەك تەئالا ئىرۇر لامەكان.
نە مۇھتاج بولغۇسى بىر نىمەگە،
ۋەلې ماسەۋا جۇملە مۇھتاج ئاڭە.
ئانى كۇنھىنى ھېچكىم بىلمەگەن،
رەسۇلۇ پەيەمبەرلەرۇ ئىنسۇ جان.
مۇھەممەدكى سۇلتانى لەۋلاك ئىدى،
ھەمىشە سۆزى مائەرەفناك ئىدى.
كىشى بىلمەسە بۇ سىفەتلەر تەمام،
مۇسۇلمان ئەمەس گەبردۇر، ۋەسسەلام.

## ئىمانىنىڭ بەياندۇر

ساڭا ئەمدى ئىماننى ئەيلەي بەيان،
مۇسۇلمان ئەمەس ۋەسفىنى بىلمەگان.
بۇ كىم ۋەسفى ئىماندە تەھقىقدۇر،
خۇداۋۇ رەسۇلىغە تەسدىقدۇر.
نەكىم دېدى بىزلەرگە خەللاقى ھەق،
كۆڭۈل سىدق بىرلەن قەبۇل ئەيلەمەق.
يەنە بىر نىمەكىم دېدىلەر رەسۇل،
ئانى جانى دىل بىرلە قىلماق قەبۇل.
يەنە تىل بىلە قىلماق ئىقرار ئاڭا،
سەرى مويچە ئەتمەي ئىنكار ئاڭا.
تىل ئىقرارى بىر يول ئىرۇر فەرز، بەس،
كى تەكرارى سۇننەت ئىرۇر، فەرز ئەمەس.
ئىرۇر ئەسلى ئىمان ئەتايى خۇدا،
كەرەم بىرلە بەردى بىزە بىبەها.
ھىداياتى تەۋفىقكىم ھەق بىرۇر،
نە مەخلۇقدۇر ئول نەھادىس ئىرۇر.
ئىرۇر ھادىس ئىقرارۇ تەستىقىمىز،
بۇدۇر ئەسلى ئىمان ئەگەر بىلسەڭىز.
كەتۇرۇپمىز ئىمان فەرىشتەلەرە،
ئىرۇرلەر ھەمە زاتى خەۋفۇ سەرە.
مۇزەككەر مۇئەننەسلىغە يوق مەجال،
يىمەك بىرلە ئىچمەك ئالارغە مەهال.
ھەمە لەھزە تائەتدىن ئىرمەس بارى،
ئەگەرچەند بىر ئىشتادۇر ھەربىرى.
بىرى بىرلەرىدىن خۇداغە يەقىن،
ھەمە چەشمە نۇرانى جۇملە زەمىن.

* *

كىتابلارغە ھەم باردۇر ئىمانىمىز،
ئىبەرگەن رەسۇللارغە سۇبھانىمىز.
نەبار ئاندە كەجلىكۇ كىزبۇ فەرىب،
ھەمەسىن ئىبەردى خۇدايى مۇجىب.

* *

ھەم ئىمان كەتۇردۇك پەيەمبەرلەرە،
ھەمە خەلقى ئالەمغە سەرۋەرلەرە.
ھەمە رەھنەمايى تەرىقى يەقىن،
خەبەر بەرگۇچى ئەمر ئىلە نەھيىدىن.
ئىرۇرلەر ھەمە نەسلى ئادەم سەفىي،
ھەمەلەرى مەئسۇمدۇر ھەم سەفىي.

روسۇلۇ نەبىيلەركى باردۇر بارى،
سەغىرە كەبىرە گۇناھدىن بارى.
كېلىپ بارچەغە جىبرەئىلى ئەمىن،
كەتۇرۇپ نەچە ۋەھيى ئىلھامدىن.
فەزىلەتدە بىر - بىردىن ئەفزۇن ئېرۇر،
نەبىيدىن ۋەلى رۇتبەسى دۇن ئېرۇر.
ھەمە مۇجتەھىدلەر، ھەمە ئەۋلىيا،
نەبىي ھەددىغە يەتمەگەي مۇتلەقا.
رۇسۇلى مەلەكدىن رۇسۇلى بەشەر،
ئېرۇر ئەبزەل ئەلبەتتە بۇل مۇئتەبەر.
مەلەك ئامەسىدىن بەشەر ئامەسى،
فەزىلەتدە ئەئلا يۇرەر خامەسى.
بەشەر ئامەسىدىن مۇراد ئەتقىيا،
نە ھەر ئادەمىزاد دۇنۇ دەغا.
كى ئادەم ئەگەر زۇھدۇ تائەتدە يوق،
ئېشەك بىرلە ئىت ئاندىن ئەفزەلدۇ - ئوق.

* *

مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلات ۋەسسەلام،
تەمامى رسۇللاردىن ئەئلا مەقام.
سىفاتى ئېرۇر سەييىدۇل - مۇرسەلىن،
شەفىئۇز - زۇنۇب رەھمەتەن ئالەمىن.
مەقامىيغە مىئراج رەۋشەن دەلىل،
سالىپ غاشىيە كىتفىغە جىبرەئىل.
ھەرەمدىن چىقىپ مەسجىد ئەقسا يۇرۇپ،
ئۇ بارغانى نىس بىرلە سابىت بولۇپ.
چىقىپ يۇردى ئاندىن سەماۋات ئارا،
يۇزىدىن تاپىپ ئاسمانلار زىيا.
ئاياغىن ئۆپۈپ خەيلى كەررۇبىيلەر،
غۇبارىن ئېتىپ كۆزگە كۇھلۇل - بەسەر.
بۇ بارغانى يۇز ئىززۇ دەۋلەت بىلە،
بولۇپ سابىت ئەخبارى مەشھۇر ئىلە.

ئۆتۇپ ئاسماندىن قىيانلار يېتىپ،
قالىپ بۇ جەھان، بىر جەھانلار يېتىپ.
كۆرۈپ ئەرشۇ كۇرسىيۇ لەۋھۇ قەلەم،
بىھىشتۇ جەھىمۇ سەماۋات ھەم.
كۆرۈپ زەررە - زەررە يوقۇ بارنى،
خۇدادىن بىلىپ سانسىز ئەسرارنى.
ھەمە ئەھلى سۇننەت جەمائەت دېدى،
بۇ مىئراج بىيدارلىقدە دېدى.
جەسەدلەرى بىرلە بارىپ ھەم كېلىپ،
نىھايەتسىز ئەسرارلارنى بىلىپ.
كەتۇرۇپمىز ئىمان بۇ مەجمۇئىغە،
قىلىپ جەزم جۇملە مەرجۇئىغە.

* *

يەنە ھەقدۇر ئول چەھار يارى رەسۇل،
ئالار ئەۋۋەلى يارى غارى رەسۇل.
پەيەمبەرلەرى باسەفادىن بۆلەك،
ئېرۇر ئەفزەلى جۇملە بىرەيىبۇ شەك.
ئالاردىن كېيىن ئەفزەلى خەلق ئۇمەر،
ئەدالەت سىپىھرىدە رەخشان قەمەر.
رەۋاجى شەرىئەت ئۇچۇن دەررەنى
ئۇرۇپ، قويمايىن نەھيىدىن زەررەنى.
ئۇچىنچىسى ئۇسمان ئەمىنى زەمان،
بولۇپ رازى ئاندىن رەسۇلى جەھان.
ئۇچەۋدىن كېيىن بىھتەرىنى ئۇمەم،
ئەلىيى ۋەلىي بەھرى جۇدۇ كەرەم.
بۇ تەرتىبدەدۇر فەزىلەتلەرى،
خۇداۋەندى ئالەمغە قۇربەتلەرى.
ئېرۇرلەر ھەمە پاك زاتى ئەمىن،
ھەمە پاك رويۇ ھەمە پاك دىن.
ئالاردىن كېيىن بارچە ئەسھابلار،
رەسۇل سۇھبەتىن تاپكەن ئەھبابلار.

تەرىقەتدە ھەربىرلەرى رەھنەما،
ھەقىقەتدە ھەربىرلەرى مۇقتەدا.
ھىدايەت بۇرۇجىنى ئەختەرلەرى،
سەئادەت دۇرۇجىنى گەۋھەرلەرى.
ئالاردىن بۇلەك ھەم نىچۇك ئەۋلىيا،
ھەمە مۇجتەھىدلەر، ھەمە ئەتقىيا.
سەھابە مەقامىيغە يەتمەيدۇلەر،
بۇدۇر ئىئتىقادى ھەق، ئەي بەندەلەر.
ئۇرۇشلاركى بىر - بىر بىلەن ئەتتىلەر،
غەرەز ئىردى ئىزھارى ھەق سىر بەسەر.
تۇشۇپ ئىجتىھاددە بەناگە خەتا،
خەتاسىدا بار ھەم سەۋابىي ئاڭا.
ۋەگەرنە ئالارگە نە كىبرۇ نە كىن،
نەھىرسۇ ھەۋا بار، نە زىدغە يەقىن.
رەسۇل سۇھبەتى جۇملەنى پاك ئېتىپ،
تەنەززۇھ يەرى ئۇزرە ئەفلاك ئېتىپ.

* *

بولاردىن بىھىشتىي ئېرۇر ئون كىشى،
بولۇپ تائەتى ھەق ئالارنىڭ ئىشى.
ئەبۇ بەكرۇ ئۇمەر ھەم ئۇسمان ئېرۇر،
ئەلىيۇ ۋەزىر ئەبدۇرەھمان ئېرۇر.
يەنە سەئدۇۋەققاس ھەم بۇئۇبەيد،
يەنە تەلھەھەم سەئدۇ سەئىد ئىبنى زەيد.
يەنە نىس بولۇپدۇر ھۇسەينۇ ھەسەن،
بىھىشتى ئېرۇرلەر يىلارەيبۇ زەن.
ئېرۇر فاتىمە بىنتى سەلبىي نەبىي،
بىھىش ئىچرە بارچە خاتۇن سەييىدى.
دىبى ئول نەھەڭگى مۇھىتى كەمال،
ئەقايىدنى شەرھىدە موللا جەلال.
كىم ئېرمىش بىھىشتىي ھەمە بەدر ئەلى،
ئالار ئېردىلەر ئۈچ يۈز ئون ئۈچ ۋەلىي.

* *

خەدىچە يەنە ئايىشە ئۇممۇھات،
بولاردىن كېيىن زەۋجەئى تاھىرات.
ھەمەنى بىھىشتىي مۇقەررەر قىلىپ،
مۇھەققەق بۇ مەزھەبنى بىھراق بىلىپ.
ۋەلىي قۇتبۇل ئەقتاب بەھرى كەرەم،
ئىمامى جەھان، يەئنى رەببانىي ھەم.
كىتابلارىكىم جەمئى مەكتۇبدۇر،
خەلايىققە مەرغۇبۇ مەھبۇبدۇر.
يىتىپ ئانداكىم كۈللى ئەسھابلار،
جەھان بەھرىدە دۇررى نايابلار.
خاتۇن خاھى ئەر، خاھى ياشۇ قارى،
مۇقەررەر بىھىشتىي ئېرۇرلەر بارى.
ئالاردىن بۇلەك بارچە ئىنسانكى بار،
بىھىشتدە ۋەيا دەۋزەخ ئىچرە كىرەر.
بۇ ئايغاندىن ئۈزگە كىشى مۇتلەقا،
دىمەك دەۋزەخىي يا بىھىشتىي خەتا.
ئىلاھا، بۇ ئەسھابلار ھۇرمەتىي،
ھەمە دوست تۇتگەنلەرىڭ ئىززەتىي.
بىزىڭكىم ئېرۇرمىز غەرىقىي گۇناھ،
ئېتىپ مەغفىرەت، يولغە سال يا ئىلاھ.
خۇسۇسەن غىياسىددىنى ئاسىينى،
مەئاسىي بىھارىنى غەۋۋاسىنى.
ئېتىپ لۇتفۇ رەھمەت، قولىن ئال ئانى،
ئۈزۈڭنى رىزاڭ بار يولە سال ئانى.

* *

ۋەلىيلەرغە ھەق بىل كەراماتنى،
كەراماتى دەڭ، خەرقى ئاداتنى.
يۈرۈپ بەئزى سۇ ئۈزرە پاتماي رەۋان،
يىدى بەئزى ئوتنى كۈيمەي دەھان.
ئېتىپ بەئزى دەمدە يىراقنى يەقىن،

بەلالار بولۇپ دەفئ بەئزىسىدىن.
بەشەرتى ۋەلىي دەيمىز ئول زاتنى،
............①

كى بىر زەررەئى چىقماسە شەرئىدىن،
بۆلەك بولماسە ئەسل ئىلە فەرئىدىن.
ئەگەر ئېرمەسە شەرئىي بەئزى ئىشى،
............②

ئانى كىم ۋەلىي دېسە كافىر ئېرۇر،
ئۆزىن جانىغە ئەسرۇ جابىر ئېرۇر.
شەرىئەتغە پەيرەۋچىلىك بەئزى ئىش،
ئەمەل ئەتمەك ئىخلاس ئىلە يازۇ قىش.
كەرامات ئەگەر بولسە بىھراق ئېرۇر،
ئەگەر بولماسە نې زەرەر دىنغەدۇر.
ئىش ئۇلكىم، تۇتۇپ مەھكەم ئىسلامنى،
ئېتىپ سەرف تائەتغە ئەييامنى.
مۇسۇلمانچىلىقدە بولۇپ ئۇستۇۋار،
خۇدا ئەمرىدىن چىقمايىن زىنھار.
دۇرۇست ئەيلەبان ئىئتىقاداتنى،
سوراپ يولنى، ئەيلەپ ئىباداتنى.
قەبۇل ئولمەكنى خۇدادىن تىلەپ،
ھەم ئۇممەت دېمەك مۇستەفادىن تىلەپ.
گۇنەھلەرنى ئەسكە ئالىپ ھەر زەمان،
ياقانى تۇتۇپ كېچەلەر يىغلابان.
ئۆلۈمۇ ئەزابى قەبۇرۇ سوئال،
قىيامەت كۈنى ھەم نە بولغاي بۇ ھال.
ھىسابى تەرازۇيى ئەئمالنى،
ئېتىپ فىكر بۇل قاتتىغ ئەھۋالنى.
سەھەرلەر تۇرۇپ نالە ئەتمەق كېرەك،
كۆزىنىڭ ياشىن ژالە ئەتمەق كېرەك.
ئېتىپ تەۋبە ھەردەم دىلۇ جان ئىلە،

خۇدادىن تىلەپ ئۆلمەق ئىمان ئىلە.
ئىلاھا، مۇھەممەدنى ئۇممەتلەرىن،
چىقارمە بىرەر زەررەئى شەرئىدىن.
قىل ئاسان ئالارگە قىيىن ھاللار،
تەرەھھۇم قىلىپ خۇش ئەت ئەھۋاللار.
خۇسۇسەن غىياسىددىنى مۇنفەئىل،
ھەمىشە گۇنەھ كۆپلىكىدىن خىجىل.
شەرىئەتدە [قىل] دائىما ئۇستۇۋار،
ئۆزۈڭ قۇللۇغۇڭ بىرلە قىل بەرقەرار.

* *

ئەزابى قەبۇر بارى كافەرغە چىن،
كۆرەر كۆللى كافەر، بىرەۋ قالمايىن.
مۇسۇلماندىن ئولكىم گۇنەھكاردۇر،
ئالاردىن ئەزاب بەئزىگە باردۇر.
يەنە قەبرىدە بارچەغە بار سوئال،
تەرىقى بۇدۇركىم خۇدايى تەئال.
ئىبەرگەي نەكىر بىرلە مۇنكىرنى زۇد،
سورار ئۇچ نېمەرسە بىئەمرى ۋۇدۇد.
بىرى ئولكى كىمدۇر خۇدايىڭ سېنى،
يەنە كىم رەسۇل رەھنەمايىڭ سېنى.
نەدىندۇر سېنى دىنىڭ، ئەي مەردى دىن،
بۇ ئۇچ سۆز جەۋابىنى بىزگە دېگىن.
ئەگەر لۇتفى ھەق بولسە، بەرگەي جەۋاب،
جەۋابى بولار سىر بەسىر باسەۋاب.
ئىيازەللاھ، ئەر خۇب جەۋاب بەرمەگەي،
ئانى ھالىغە يۈز تۈمەن ۋايۇ ۋاي.
قىيامەتغىچە ئىززۇ ھۇرمەت ئىلە،
دېگەيلەركىم يات ئەمدى راھەت ئىلە.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

① ② قولىيازمىدا بۇ ئورۇندىكى ئىككى مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان.

ئىمىن تۇرسۇن

# ئۇبەيدۇللا لۇتفىي تۇغرىسىدا مۇلاھىزە

ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تەۋسىپى بويىچە «ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ بۇلەغالارى ۋە تۈرك ئەلفازىنىڭ فۇسەھالارى»دىن بولغان لۇتفىي ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ مۇنبىرىدە يېتۈك مۇدەررىسلىك ئىناۋىتىگە ئىگە. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە تەڭداشسىز ئورۇن ئالغان. لۇتفىي چوڭقۇر مەنىلىك ۋە ئاجايىپ پاساھەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەدەبىيات ئەھلىگە كەڭ تونۇلغان شائىر. تارىخچى خاندەمىر «مەكارىمۇل ـ ئەخلاق» ناملىق كىتابىدا بۇزاتنى ھۆرمەت بىلەن مۇنداق قەيت قىلغان: «مەۋلانا لۇتفىي سۆز لۇتفىيدە يېگانەئى دەۋران ئىدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم تۈركىي تىلدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئېيتالمىغان». نەۋائىي يەنە «ھالاتى پەھلەۋان مۇھەممەد» ناملىق ئەسىرىدىمۇ مۇنداق تەكىتلىگەن: «فەقىر ئايتتىمكىم، مەۋلانا لۇتفىي ھالا مۇسەللەمدۇر ۋە بۇ قۇۋمىنىڭ ئۇستازى ۋە مەلىكۇل ـ كەلامىدۇر». نەۋائىي يەنە «تۈركىي پارسىي شېئىرىيەتتە ئۆز زامانىسىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەس، ھالبۇكى، تۈركىي شېئىرلارى ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە زور شۆھرەتكە ئىگە. تۈركىي شېئىرىي دىۋانى مەشھۇردۇر» دېگەنىدى.

نەۋائىي ئۆز ئانا تىلىمىزنىڭ تەتقىقاتىنىڭ تېخى ياخشى ئىشلەنمىگەنلىكىنى، بۇ تىلنىڭ لۇغەت بايلىقى ۋە گراماتىكىلىق شەكىللىرىدىكى ئىخچاملىقنىڭ تېخى تولۇق يېشىلمىگەنلىكىنى تەكىتلەپ، «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەيىن» دېگەن ئەسىرىدە بىرمۇنچە مىساللارنى كەلتۈرگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «مۇشۇنداق سۆزلەردە ۋە ئىپادە ئۇلچەملىرىدە نۇرغۇن نازۇك نۇكتەلەر بار، بۇ چاغقىچە ھېچكىم ئۇبدان ئويلانغىنى يوق. شۇڭا، بۇلار تىلدىن ياخشى خەۋىرى بولمىغان ياش تۈركلەر ئۈچۈن تېخىچە نامەلۇم بولۇپ تۇرماقتا. بۇنداق ياشلار پارسىي نەزمۇازلىق بىلەن شۆھرەت قازىنىشنىڭ كويىدا يۈرمەكتە».

نەۋائىيغىچە، ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەرلەر يازغان مەشھۇر ئەدىبلەر بولغانىدى. نەۋائىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ھۇلاكۇخان بىلەن تۆمۈر سەلتەنەتىگىچە ۋە ئۇنىڭ ئوغلى شاھرۇخ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگىچە، تۈركىي تىلدا شېئىرلار يازغان سەككاكىي، ھەيدەر خارەزمىي، ئاتايىي، مۇقىمىي، يەقىنىي، ئەمىرىي، گەدايىي» لارنى قەيت قىلىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە لۇتفىيدىن باشقىلىرىنى پارس شائىرلىرىغا تەڭ قويغىلى بولماس ئىدى، دەپ ئالاھىدە كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ، لۇتفىينىڭ «زەپەرنامە»سىنى يۇقىرى باھالىغان.

لۇتفىي مىلادىيە 1366 ـ يىلى تۇغۇلغان. مىلادىيە 1465 ـ يىلى ھىراتتا 99 يېشىدا ۋاپات

بولغان.

لۇتفىي «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ تۈگەللىمە ماۋزۇسى (نەۋرۇزنىڭ پادىشاھ بولغانىنىڭ سىفەتى)دە داستانىنىڭ يېزىلىش ۋاقتىنى قەيت قىلغان:

«تارىخ سەكسىز يۈز ئون تۆرت ئىدى ھىجرەت،
كى، نەقش ئەتتۈك بۇ مەنشۇرى مۇھەببەت».

دېمەك داستاننى ھىجرىيە ئەسلىي (مىلادىيە 1411) ـ يىلى يازغان.

بۇ مەشھۇر شائىرنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ھەققىدە ئۆزى ياكى بىرەركىم ئېنىق مەلۇمات قالدۇرمىغان. بۇ ھەقتە لۇتفىينىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىما ـ ئىشارەتلەرنى يىپ ئۇچى قىلىپ، قىياسەن پىكىر قىلىش مۇمكىن.

شائىرنىڭ كۆپرەك ئۆمرىنى ھىراتتا ھىجرەتتە ئۆتكۈزگەنلىكى ئېنىق.

دېمەك، بۇ ئۇلۇغ زات ئىجادىيەت ھاياتىنى ئۆزگە يۇرتتا ھىجران ئوتىدا كۆيۈپ، ئەل ـ يۇرت پىراقىدا پۇچىلىنىپ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى «ھىجران» دىن بىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«مىڭ تامۇقدىندۇر يامانراق ھەجر ئوتى كۆيمەكلىكى،
مەن بىلۇرمەنكىم ئېرۇر جانىمنى ھىجران ئۆرتەگەي».

يەنە بىر غەزىلىدە:

«ھەجرىڭدە تىلەر ھەردەم لۇتفىي مىسكىن،
سەنسىز كەچۇرەر ئۆمرىدىن، ئەي دوست، نە ھاسىل؟»
«ئاھۇ، ۋاۋەيلاۋۇ ئۆرتەنمەكۇ ئۆلمەك ئاتى ھەجر،
ھەسرەتۇ رەنجۇ ئەناۋۇ دەردۇ غەم ئاتى فىراق.»

لۇتفىينىڭ ئون مىڭ بېيىتتىن ئارتۇق غەزەللىرىنىڭ مۇتلەق تولىسىدا، «ھىجران»، «ھەسرەت ـ پىراق» ئىزھار قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا شائىرنىڭ «يارى» ــ ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ھەسرەت، دەردۇغەمدىن ئىبارەت پىراق ئىچىدە ياشىغانلىقى سەۋەب بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ «يارى» ــ ئەل ـ يۇرتىغا بېغىشلىغان شېئىرلىرىنىڭ بەلگە ـ نىشانىنى ھىراتتىلا ئەمەس، بەلكى چىنۇ خوتەندىمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتقان. مەسىلەن، مەتلەئى:

«نەرگىس كۆزۈڭنىڭ ئوخشاشى قايسى چەمەندە بار؟
يۈزۈڭ تەراۋەتى قاچان، ئەي گۇل، سەمەندە بار؟»

«يالغۇز ھېيرىدە يوقكىم ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىدە،
شېئىرنىڭ شىئارى، لۇتفىي، خىتاۋۇ خوتەندە بار.»

دەپ باشلانغان غەزەلنىڭ مەقتەئىنى مۇنداق چۈشۈرگەن:

«بۇ لۇتفىي قانىنى تۆكسە كويۇڭ ئىشكىندۇر،
كى ھەشر چاغى غەلەت بولماسۇن مېنىڭ ۋەتىنىم.»

دېمەك، يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى قىياسەن ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمىزكى، لۇتفىينىڭ ئەسلىي ۋەتىنى چىنۇ ماچىن — خوتەن بولسا كېرەك.

لۇتفىي ئۆز غەزەللىرىدە، ئەل - يۇرتىنى، يارىنى سېغىنغانلىقىنى، ئەل - يۇرتىدىن يىراق جايلاردا پىراق - ئىشتىياق بىلەن ۋىسال دەردىدە كۆيۈۋاتقانلىقىنى، ئۆز يۇرتىنى ھەرقاچان ئۇنتۇمىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرغان:

«ئۆلتۈرۇر ھىجران مېنى ئول راھەتى جاندىن يىراق،
تۈشمەسۇن گۈل مەۋسۇمى ھېچ كىمسە جانانىدىن يىراق؛
ياز فەسلىكىم ئېرۇر ئەيشۇ تەرەبنىڭ مەۋسۇمى،
سالدى بۇلبۇلدەك مېنى گەردۇن گۈلىستاندىن يىراق.
لالەتەك باغرىمدا داغ ئەردى، ئەجەبكىم قالمىشەم،
بىر سۇمەنبەر يۈزى گۈل سەرۋى خىرامانىدىن يىراق.
دوستلارنىڭ كۆڭلى گۈلتەك ئاچىلىپ گۈلگەشت ئارا،
مەن مۇنۇڭتەك يازىدا ئول ئەيشۇ جەۋلاندىن يىراق.
ئەي كۆڭۈل، ھەسرەتكە جان بەرگىل، داغى ۋەسىل ئىستەمە،
كىم، ئېرۇر مېھرۇ ۋەفا ئول شاھى خوباندىن يىراق.
كۆركىنۇڭ باغىندا يېغمىش مەھۋەشىم گۈل خىرمەنى،
بىر نەفەس ئول ۋەجھ ئىلە ئەرمەسمەن ئەفساندىن يىراق.
لۇتفىي زۇلفۇ يۈزۈدىن ھەيرەت مەقامىندە تۈشۈپ،
بىر ئەجەب ئالەمدە قالمىش كۇفرۇ ئىماندىن يىراق.

«يار» — ئەل - يۇرتىدىن ئايرىلىپ ياشاشنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى، لۇتفىي «نە فايدا» رادىفلىق غەزىلىدە تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىدە ئىپادىلىگەن:

يار بولدى يىراق، مەن داغى ئاندىن، نە فايدا؟
گۈل بولماسا ھەزار چەمەندىن نە فايدا؟
لەبلىڭ خەيالى بولماسا، كۆز نۇرى بولماسۇن،

گەر بولماسا ئەقىقى يەمەندىن نە فايدا؟
ئۆلگەن سانىدەدۇرمەن ئۇشۇل يار ھەجرىدە،
جان بولماسا تەن ئىچرە بەدەندىن نە فايدا؟
رەھم ئەيلەمەس ھەبىب، رەقىبدىن نەكۆز تۇتاي،
قىلماس ۋەفا چۇ ياخشى ـ ياماندىن نە فايدا؟
سارغايدى يۈزۈم ئۇل سەۋەرىم خالىدىن يىراق،
چۇن دانە يوقتۇر، ئەسكى ساماندىن نە فايدا؟
ئۆمرۈڭنى، لۇتفىي، يار ئىشكىندە كەچۈرمەسەڭ،
جاندىن نەھاسىل ئۇلغايۇ تەندىن نە فايدا؟

لۇتفىي ھەر جايدا بولسۇن، «يار»غا — ئەل ـ يۇرتىغا سالام يوللاش بىلەن بولسىمۇ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرغان. بۇ ھەقتە رۇبائىيلىرىدىن مىسال:

ئۇل مېنىڭ جانى جەھانىمغە سەلام،
جاندىن ئارتۇق مېھرىبانىمغە سەلام،
بىر زەمان خالىي ئەمەسمەن يارىدىن،
مۇنىسى جانى رەۋانىمغە سەلام.

سەنسىزىن ئەيشۇ سۇرۇرىم قالمادى،
يىغلاماقتىن كۆزدە نۇرىم قالمادى؛
ئۇل قۇياش يۈزۈڭدىن ئايرىلغان ئۈچۈن،
قايغۇدىن زەررە ھوزۇرىم قالمادى.

لۇتفىي «يار» — ئەل ـ يۇرتىدىن ئايرىلىش دەردىنى، مېنى ئۇلسەممۇ ياد ئېتىپ تۇرۇشنى تىلەپ، ئۆز قىتئەلىرىدە ئىپادىلىگەن.

فۇرقەتىڭدىن بولمىشەم زارۇ زەئىف،
تەڭرى ئۈچۈن، مۇندىن ئارتۇق قىلمە زار؛
چۇن مېنىڭ قانىمنى تۆكتۈڭ ھەجر ئىلە،
ئۆز ئىشكىڭ تەگرەسىندە قىل مەزار.

لۇتفىينىڭ ئەسل ـ ۋەسلىنى يەنە شۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىزاھلىرىدىن بىلىش مۇمكىن. ئۇ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ تۈگەللىمە ھېسابىدىكى «نەۋرۇزنىڭ پادشاھ بولغانلىقىنىڭ سىفەتى» — ماۋزۇسىنىڭ ئاخىرىدا، بىز ئۈچۈن كۆپ ئەھمىيەتلىك مۇنداق بېيىتنى قىيت قىلغان:

«يەنە دەرخاستىم بار ياخشىلاردىن،
مۇغۇل سەبۇنى بىلگەن باخشىلاردىن.»

بۇ بېيىتنىڭ تەكتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھەزرىتى نەۋائىينىڭ قەيتىگە مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. نەۋائىي «ۋەقفەنامە»سىدە مۇنداق يازغان: «چۇن زەمانىنىڭ ئەزمۇش ـ شان سادات ۋە فۇزۇلاسى» دەپ

يۇرت كاتتىلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، سەلتەنەت ۋە جەمئىيەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئەربابلار قاتارىدا «ئۇيغۇر سىفات باخشىلار ۋە ئۇيغۇرىي جەرگەلىك ياخشىلار» نى تەرىپلەپ، «ھەربىرىنى بىر مۇۋاپىق ئەمەلغە شۇغل پەيۋەندە قىلدى» دەپ يازغان! تۆمۈرىي سۇلالىسىدە، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئەركانلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى ھېسابلانغان بارلاس، ئارلات، تارخان، قىيبات، قوڭرات قەبىلىلىرىدىن ئايرىمچە ئۇيغۇرلاردىن چىققان دۆلەت ئەربابلىرىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان ئىبنى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان تەخمىنەن مىلادىيە 1545 ـ يىلى يازغان «تارىخى رەشىدىي» ئەسىرىنىڭ «زىكرى مىرئەلىشىر» دېگەن ماۋزۇسىدا مۇنداق قەيت قىلغان: مىرئەلىشىرنىڭ «ئەسلىي ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن تۇرۇر، ئاتاسىنى كىچىكىنە باخشى ئاتار ئېردىلەر.»

لۇتفىينىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان بېيىتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، لۇتفىيمۇ ئەنە شۇ باخشىلاردىن ئىكەن دەپ پەرەز قىلىشقا ھەقلىقمىز.

«باخشى» — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ: 1. مۇئەللىم؛ 2. ئۇستاز؛ 3. ھەكىم؛ «باخشى» سۆزى كېيىن موڭغۇل تىلىغا كىرىپ، «ئۇستاز»، «تەبىب» مەنىسىدە قوللىنىلغان. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە»سىدە: «يارامنى باقىلى ئەبەكە ياخشى ئاتلىق موغۇل جەرراھىنى ئىبەرىپتۇرلار. موغۇل ئېلى جەرراھىنى ھەم باخشى دەر» دەپ يازغان.

13 — 15 ـ ئەسىرلەردە يارالغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «چاغاتايچە» دەپ ئاتاش ئادەت تىلى بولۇپ قالغاچقا، ئاتايى، سەككاكىي، لۇتفىي ھەتتا نەۋائىي ئەسەرلىرىنىمۇ «چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى» دەپ ئاتاشمۇ ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «چاغاتاي تىلى» ۋە «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېگەن ئاتالغۇنى ئېنىقلىۋېلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

«چاغاتاي» كەڭ مەنىدە مەملىكەتنى، يەنى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ ئۇلۇسى (ئۇلۇش ـ ھەسسە) نى بىلدۈرىدۇ. بالدۇر چاغاتاي ئۇلۇسى — «بۇيۇك ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى» يەنى قوچۇ — تۇرپاننىڭ شەرقىدىن تاكى ماۋەرائۇننەھر — خارەزىمگىچە بولغان دىيارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 1268 ـ يىلى باھاردا سەمەرقەنتنىڭ شىمالىدىكى قاتۋان (تاراز، كەنجەك) دا، چاغاتاي، ئۆگدەي، جوجى ئوغۇللىرى قاتناشقان قۇرۇلتايدا، ئىلگىرى چاغاتاي ئوغۇللىرىغا قاراشلىق ئوتتۇرا تەڭرىتاغ بويلىرى ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ 3 /1 قىسمى ئۆگدەي ئوغۇللىرىغا. بۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى چاغاتاي ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىنغان.

تار مەنىدە چاغاتاي قەبىلىلەرنى بىلدۈرگەن. چاغاتاي ئوردۇسىنى (قوشۇنىنى) ئاساسەن بارلاس، دوغلات، جالايىر، ئارلات ۋە قاۋچىن قوۋملىرى تەشكىل قىلغان. بۇلار كېيىن تۈركلەشكەن قوۋملار سانالغان. تەزكىرىچى كلاۋىخىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، چاغاتاي قەبىلىسى دېگەندە ئەمىر تۆمۈرنىڭ يۇقىرى ھەربىي تەبىقىسى ۋە گۋاردىيەسى كۆزدە تۇتۇلغان. چاغاتاي ئۇلۇسى (ئۇلۇشى) تەۋەسىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن «خاقانىيە تىلى» ئۇيۇتقا بولغان يېزىق ئەدەبىي تىلىنى قوللانغان. تۈركىيىلىك م. فوئاد كۆپرۈلۈ «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى»دا يېزىشىچە «ماۋەرائۇننەھرنىڭ داۋاملىق مۇھاجىرەتلىرى ۋە سىياسىي ھاكىمىيەتلىرى سايىسىدە تۈركلەشكەن بۇيۇك مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىمۇ ئادەتتە «ئومۇمىي ئەدەبىيات تىلى» بولۇپ قارارلاشقان ئىدى. بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ دەسلەپكى ئاپىرىدگاھى كاشغەر بولغىنى

ئۇچۇن، بۇنى كاشغەر تىلى ياكى ساددىچە «تۈركچە» دەپ ئاتىغان. «يەنە» «قۇتادغۇ بىلىك»تىن كېيىن يېزگە قالغان «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» ئەھمەد ئىبنى مەھمۇد يۈكنەكى) ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن كاشغەر تىلىدا يېزىلغان. (ئاياسوفىيە كۈتۈپخانىسىدا ئىككى نۇسخىسى بار. بىرى، ھىجرىيە 884 ـ يىلىدا ئىستانبۇلدا، يەنە بىرى ھىجرىيە 848 ـ يىلى سەمەرقەندتە يېزىلغان. بىرىنچى نۇسخىدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئاستىغا ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن بېرىلگەن. ئىككىنچىسى گۈزەل ئۇيغۇر خېتى بىلەن يېزىلغان.»


ھېرمان ۋامبىرى «بۇخارا ياكى ماۋرائۇننەھر تارىخى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغان: «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەسلىي تۈركلىك دەۋرى تۆمۈردىن باشلاندى ... مەملىكەتنىڭ رەسمىي تىلى ھەر ۋاقىت تۈركچە بولدى. ھەتتا موڭغۇل ـ ئۇيغۇر يېزىقى ... مۇھاپىزەت قىلىندى». تۈركولوگ ماكس مۇللېرمۇ: «تۆمۈر دەۋرىدە، تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان غەربىي ئۆلكىلەرنىڭ جۇغراپىيىسىگە ئائىت دەمەشقتە ئۆزىنىڭ ئىستىكى بىلەن يېزىلغان بىر مەرۇزەنى دەرھال «موڭغۇلچە» (يەنى ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن تۈركچە)گە تەرجىمە قىلدۇرغان. ئىبنى خالدۇن «ساياھەتنامە»سىدىمۇ: «تۈركلەرگە ۋە ئوردۇسىغا بويرۇقلىرى ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن تۈركچە يېزىلاتتى.» دەپ قەيت قىلىنغان. شۇ مەنبەدە يەنە: «ۋە قاي، تەزكىرىلىرى ئۇيغۇر باخشىلىرى تەرىپىدىن بېكىتىلەتتى، ئاندىن، موللىلار تەرىپىدىن پارسچىغا نەقل ئېتىلەتتى.» دېيىلگەن.

دېمەك، لۇتفىي ئىجاد ئەتكەن دەۋردە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھاكىمىيەت دائىرىلىرىدە، ئىجادىيەتلەردە ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن تەڭ قوللىنىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، لۇتفىينىڭ شېئىرلىرىمۇ بەزەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن.

تاشكەنتتە نەشر قىلىنىدىغان «پەن ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىلىدىكى 9 ـ سانىدا ئە. ئەھمەدخوجايېۋ «لۇتفىي — ئۇيغۇر يېزىقىدا» دېگەن بىر تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلغان، ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە: «تۆمۈر ۋە تۆمۈرىيلەرنىڭ پادىشاھلىق پەرمانلىرىنىڭ بىر قىسمى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانلىقى مەنبەلەردىن مەلۇم. تۈرلۈك ۋەسىقىلەر، خوجىلىققا ئائىت ھۆججەتلەردىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن كەڭ پايدىلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان 15 ـ ئەسىر ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرىدىن ئەڭ ناياب ۋە سالماقلىقى لوندوندىكى برىتانىيە مۇزېيى فوندىدا 8193 ـ ئىنۋېنتار رەقىمى ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان 228 ۋاراقلىق چوڭ مەجمۇئەدۇر ... بۇ قوليازمىدا «سىراجۇل ـ قۇلۇب» (123 ۋاراق) ۋە «راھەتۇل ـ قۇلۇب» كەبى تۈركىي تىلدىكى دىنىي ئەسەرلەر بىلەن بىللە، ئىستىداتلىق شائىر خارەزمىينىڭ 1358 ـ يىلىدا تۈركىي تىلدا يېزىلغان «مۇھەببەتنامە» داستانى، مەۋلانا لۇتفىي، قىمبەر ئوغلى، جەۋھەرىي، مەنسۇر باخشىنىڭ دۇنياۋى مەزمۇندىكى ئەسەرلىرىمۇ بار»، «مۇھەببەتنامە» داستانىنىڭ ئاخىرىدا كاتىپ تۆۋەندىكى مۇھىم مەلۇماتنى يېزىپ قويغان. «قۇتلۇق بولسۇن، تارىخ سەككىز يۈز ئوتتۇز بەشتە، ساچقان يىلى، رەجەب ئاينىڭ ئالتە، سىدە، يەزد شەھىرىدە مىرجەلالىدىن بۇيرۇغان ئۈچۈن فەقىر مەنسۇر باخشى بىتىدى.»

مەزكۇر مەنسۇر باخشى ئىشلىگەن مەجمۇئەدە مەۋلانا لۇتفىينىڭ تۆت پارچە غەزىلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بېرىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ نادىر ۋە گۈزەل نەمۇنىسى بولغان بۇ قولىيازمىدا، ئاساسىي مەتن (تېكىست) جەدۋەل (رامكا) گە ئېلىنغان. جەدۋەلنىڭ تېكىست يېزىلمىغان

ئورۇنلىرىغا گۈللەر ۋە نەقىشلەر بېرىلگەن. شۇلاردىن تۆتىنچى غەزىلى «ياتۇر» رادىفلىق بەش بېيىتلىك بولۇپ، دەلىل سۈپىتىدە ھەر مىسراسىنىڭ ئاستىغا ئەرەب يېزىقىدىكى مەتنىمۇ يېزىپ قويۇلغان. «ياتۇر» رادىفلىق بۇ غەزەلنىڭ نەمۇنىسى.



ئەرەب ھەرپلىرىدە يېزىلغىنى:

كۆزۈڭكى، لالەۋۇ، نەسرىن ئۇزە ئۇزالە ياتۇر،
خوتەن چىچەكلەرى ئىچرە مەگەر غەزالە ياتۇر؛
نە ئۈيقۇسى ئاغىر ئەرمىش مېنىڭ بۇ بەختىمنى،
كى مۇنچەكىم قىلادۇر كۆڭلۇم ئاھۇ نالە، ياتۇر.
كۆڭۈلنى نار ياڭاقىڭ ئۆرتەر ئۆزگە ئالى بىلە،
يوق ئەرسە يازىدا چەندان ھەزار لالە ياتۇر.
فىراق شەرھىنى ئىرسال قىلغالى، ھەيھات!
رەسۇل تاپمانۇ جەيبىندە يۈز رىسالە ياتۇر.
كى ئىنچكە ئاغزى ئېتەر قەسد لۇتفىيغە سەۋدا،
قاچانكى بېلىدە ئول ئەنبەرىن كۇلالە ياتۇر.

دېمەك، لۇتفىينىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى غەزەللىرى شائىر مىراسىنىڭ 15 ـ ئەسىردىلا پەقەت ئەرەب يېزىقىدىلا يېزىلىپ قالماي، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىمۇ كۆچۈرۈلۈپ، كەڭ ئاممىۋىلاشتۇ ـ رۇلغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

يەنە ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، لۇتفىينىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ تېمىسىغا ئاساس بولغان يۇرت «فەرخار» ۋە «نەۋشاد» — خوتەن بىلەن كۇچا ئىكەنلىكى قىياس قىلىنىدۇ. «فەرھەڭگى ئەمىد» دېگەن پارسچە لۇغەتتە ئىزاھلىنىشىچە: «فرخار — بىر شەھەر، ئۇ يەردە بۇتخانىلار كۆپ. شۇڭا، بۇ سۆزنى بۇتخانا دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.»

«نەۋشاد» — تۈپ مەنىسى: «تازا يىگىت»، «مەرد يىگىت» كۆچمە مەنىسى: «شەھەر، بۇتخانىلىرى كۆپ شەھەر» ئىكەن.

ھەزرىتى لۇتفىي «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىغا ئىككى يۇرتنى تاللىغانلىقى ۋە شۇ يەرلىك ئاساسىي قەھرىمانلار — «گۈل» ۋە «نەۋرۇز» دەپ نام قويغانلىقى خىيالىي بولمىسا كېرەك. گۈلنىڭ يۇرتى نەۋشاد، نەۋرۇزنىڭ يۇرتى فەرخار.

نەۋشاد توغرىسىدا لۇتفىي داستاندا مۇنداق تەسۋىرلەرنى يازغان:

ئېرۇر نەۋشاد مۈلكى ھۆسن كانى،
ئىرەم ياڭلىغ مەلاھەت بوستانى؛

پەرىلەر بۇرتى، بۇتلار كىشىۋەرىدۇر،
لەتافەت مۈلكى، نازىكلەر يېرىدۇر.

فەرخار توغرىسىدا بۇلبۇلنىڭ تىلىدىن مۇنداق تەسۋىرلەرنى يازغان:

يەر ئۆپتىيۇ، دېدى: ئەي خۇسرەۋى دەھر،
كى فەرخار ئاتلىق باردۇر ئۇلۇق شەھر؛...
كى فەرخار ئېلىندە بىر خانىمىز بار،
شەھى مۇشكىن دېگەن سۇلتانىمىز بار؛
ئېرۇر جەمشىد ئۇرۇغىندىن نىژدى،
فەرىدۇندىن ھەم ئارتۇق ئەدلۇ دادى.

نەۋرۇز بىلەن گۈل تېپىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاشىق ـ مەشۇقلۇقىغا يول قويۇلمىغاندا، فەرخار ئېلىدىن قاچقاندا، سەپەردە يەلدا نامىلىق قاراقچىغا تۇتۇلۇپ قالىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ شاھزادىلەر ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ، ئەسىرگە چۈشكەنلىكى ۋە كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆيمۇئۆي سېتىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ:

خوتەنلىباز ئەسىر ئولغان كىچىكدىن،
كۆتەرىپ ساتدىلەر ئۈچ ـ تۆرت ئىشىكدىن.

خوتەنلىباز — خوتەنلىك ئويۇنچى، كۆچمە مەنىسى خوتەنلىك ئاشىقلار.
شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ دەريا ـ دېڭىزلاردا سەرگەردان بولۇپ، يەمەن شاھزادىسى جەۋھەرگە يولۇققانلىقى بايان قىلىنغان ماۋزۇدا مۇنداق بېيىت بار:

ياۋۇقراق يەتتىلەر ئەرسە ئەدەنگە،
ئايىتتى جەۋھەر ئول ماھى خوتەنگە.

دېمەك، گۈل — خوتەن ماھى (خوتەنلىك ئاي).
يەنە بىر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەھۋال، لۇتفىي قوللانغان ئەدەبىي تىل — ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر — «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق»، «قىسسەئى رەبغۇزى» تىللىرىغا يېقىن ۋە نەۋائىي دەۋرىدە ئومۇملاشقان مۇرەككەپ «چاغاتايچە»دىن سەل ئۆزگىچىرەك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ سۆزلىرى كۆپرەك قوللىنىلغانلىقى، مەسىلەن، تابۇقچى، ئەل ـ كۈن (جامائەت) مەڭزەتمەك، ئولجامات، يەرمەك، ئۆڭ، سۇساغ — سۇساغان، قور (پوروخ) ۋە باشقىلار.
تۆۋەندە، لۇتفىينىڭ «چىن»، «ماچىن»، خوتەن» نامىلىرى زىكىر قىلىنغان شائىرنىڭ ھىجرەت قىلىپ، فىراق ئوتىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ، غېرىب مىسكىن بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن غەزەللىرىدىن مىساللار كەلتۈرىمىز:

ئاي يۈزۈڭ ئالدىدا خىجىل ھۆسن ئېلى رۇمۇ چىن ئارا،
ۋەلۋەلە سالدى كۆزلەرىڭ كافىرۇ ئەھلى دىن ئارا.

چۈن مېنى ئۆلتۈرۈر بۇ كۈن ئۇل رۇخو ئارەز ئارزۇسى،
رەۋزەدە تاپقامەن ئۇرۇن لالەۋۇ ياسۇمىن ئارا.
ياڭى ئېكەندە كۆرمەدى ھېچكىم ئاي تۇتۇلغانىن،
چىن نە ئۈچۈن تۇتار قاشىڭ، يا رەب، ئۇشۇل جەبىن ئارا.
زۇلفۇڭ ئىلە چۇ نافەدىن ئۇردى دەم ئاھۇيى خوتەن،
غەمزەڭ ئاتىمچىسى ئوقى نافەنى ئويدى چىن ئارا.
ئەقل دېدىكى: «زەررەئى مېھر يوق ئاندا ئاغزىتەك».
قىلدى تەبەسسۇم ئۇيلەكىم، تۇشدى گۇمان ياقىن ئارا.
قىلما ھەۋالە ھەجر ئىلە لۇتفىينى ئۆلتۈرۈر ئۈچۈن،
تىز قىلىچىنى ئەلگە ئال، تۇتماغىل ئانى قىن ئارا.

* * *

كۆزۈڭكى، لالەۋۇ نەسرىن ئۇزە ئۇزالە ياتۇر،
خوتەن چېچەكلەرى ئىچرە مەگەر غەزالە ياتۇر.
نە ئۇيقۇسى ئاغىر ئەرمىش مېنىڭ بۇ بەختىمنى،
كى مۇنچە كىم قىلادۇر كۆڭلۇم ئەھۇ نالە، ياتۇر.
كۆڭۈلنى نار ياڭاقىڭ ئۆرتەر ئۆزگە ئالى بىلە،
يوق ئەرسە يازىدا چەندان ھەزار لالە ياتۇر.
فىراق شەرھىنى ئىرسال قىلغالى، ھەيھات!
رەسۇل تاپمانۇ جەيبىندە يۇز رىسالە ياتۇر.
كى ئىنچكە ئاغزى ئېتەر قەسد لۇتفىيگە سەۋدا،
قاچانكى بېلىدە ئول ئەنبەرىن كۇلالە ياتۇر.

* * *

ھەرگاھكى، ئۇل جۇببەنى ئول دىلرەبا كىيەر،
گوياكى تۇن لىباسىنى ماھى سەما كىيەر.
نەسرىن ئەجەب دەگۇلمۇكى، سۇنبۇل كىيەر لىباس،
ئەرمەسمۇ تاڭكى، چىن بۇتى مۇشكى خىتا كىيەر.
كۆڭلەككە ئىنجۇ توپچى مۇنۇڭتەك نە خۇب ئىمىش،
ياخۇد كېلۇر لەتىف نەكىم مەھلىقا كىيەر.
ئول تاشى سەدەف سەبز يۇرۇك ئەيشلەر قىلۇر،
دەۋلەتلىق ئول نېمەكىم ئانى پادىشا كىيەر.
جان كۆڭلەكى قەبا بولۇر، ئەلبەتتە، غۇنچەدەك،
يۇز ئالى بىرلە ئاندەكى، گۇلگۇن قەبا كىيەر.
بەسكىم قاشىندا لۇتفىي بىكىن ئالەمى ئۆلەر،
ئۇششاق ماتەمىندە ئۇشۇل كۆز قارا كىيەر.

* * *

سۆزلەردە قاچانكىم كۆزى قاشى بىلە ئوينار،
ھەر گوشەدە يۈز مىڭ كىشى باشى بىلە ئوينار.
نۇن قاشى ئۇچۇن بەھر قىلىپ يەر يۈزىنى كۆز،
ئول ماھى كۆزۈم مەردۇمى ياشى بىلە ئوينار.
شەترەنجى لەتافەتنى ئۇتار نېچەكىم ئول ئاي،
رۇخ تەرھ بېرىپ، چەرخ قوياشى بىلە ئوينار.
كۆرگۈزسە قارا، بەرھەم ئۇرار چىنۇ خىتانى،
كۆز ئۈستىدەكى خالى چۇ قاشى بىلە ئوينار.
جان نەقدىنى كۆزۈڭ قاشىدا ئويناسا، لۇتفىي،
ئەيب ئەتمەكىم، ئول غەمزە كىڭاشى بىلە ئوينار.

* * *

يەلپىنە چىقسا بويى سەرۋدىن خىراج تىلەر،
خوتەن چېچەكلەرىدىن زۇلفى باج تىلەر.
ئاياغى خاكى ئۇچۇن ئاستانە ياستانالى،
گەداي ھىممەتىنى كۆر، نە تەختۇ تاج تىلەر.
سىنىڭ ئاتىڭ بىلەن ئالتۇن سۇنۇپ چىمەن خاكى،
يۈزۈن قىزىل قىلۇرۇ ھۆسنۈنە رىۋاج تىلەر.
ساچىڭا تۈشتى كۆڭۈل، چېھرە ئاندىن ئىستەرمەن،
قاراڭغۇدا نېمە يەتسە كىشى، سىراج تىلەر.
دۇداغى ئەكسى ئېرۇر ۋاستە مۇۋاجەھەدە،
يۈرەك قانى ياشى ئىلە ئۇلكى، ئىمتىزاج تىلەر.
غەرەز بۇ سافى كۆڭۈلدە خەيالى ئارەزىدۇر،
گۇلابىنىڭ جەھەتىدىن كىشى زۇجاج تىلەر.
تەبەسسۇمىنى ھەۋەس قىلسا لۇتفىي، ئەيب ئەتمەڭ،
كۆڭۈل يىگىگە شىفا ئىستەرۇ ئىلاج تىلەر.

* * *

نەرگىس كۆزۈڭنىڭ ئوخشاشى قايسى چەمەندە بار؟
يۈزۈڭ تەراۋەتى قاچان، ئەي گۇل، سۇمەندە بار؟
گۇلدە تاپىلماسا، نە ئەجەب، قەددىڭە مىسال،
قەدىڭنىڭ ئىستىقامەتىمۇ نارۋەندە بار.

بېلىگنى يوق دېسە كىشى، ھېچ سۆز ئاندا يوق،
ئاغزىڭنى بار دېسە ۋەلېكىن سۆز ئاندا بار.
يۈزۈڭ قۇياش دېدىم، شەكەرتەك ئېرنىڭنى مەي،
خۇرشىد ئىچىندە زەررەئى شىرىنى قاندە بار.
ئىنجۇ تىشىڭ بىلە شەكەر ئېرنىڭ مۇشابىھى،
دۇررى ئەقىق نە ئەدەنۇ نە يەمەندە بار.
تىيلەتتى ئەقلى كۆل ئۆزۈڭ، ئاغزىڭ، يۈزۈڭ كۆرۈپ.
چۇن ئايەتىيۇ، نۇكتە بۇ سىررۇ ئەلەندە بار.
يالغۇز ھىرىيدە يوقكىم، ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىدە،
شېئرىڭ شىئارى، لۇتفىي، خىتاۋۇ خوتەندە بار.

* * *

سۇنبۇل ساچىڭنى يەل ئىلە گۇلبەرگى تەر قۇچار،
دەۋلەت كۆزۈڭ باشىندەكى شەمسۇ قەمەر قۇچار.
نەسرىدىن بىلە بىنەفشەنى كۆر تەكيە قىلغانىن،
ھىندۇغە باقكى تۇركۇ خىتانى نېلەر قۇچار.
لەئلىڭمۇ يا سۇھەيلۇ سۇرەييا قىرانىدۇر؟
ياخۇد ئەقىقى نابمۇدۇركىم گۇھەر قۇچار؟
ھەيرەتدەمەنكى تۇررە پەرىشانلىغى نەدۇر،
قىلتەك بېلىگنى چۇن كېچەلەر تا سەھەر قۇچار.
مەن بىر كۆرەرگە مۇشكۇلقۇ تالىئلىق ئول نىقاب،
سۇرتەر يۈزۈن يۈزۈگەۋۇ خۇش - خۇش ئۆپەر، قۇچار.
ھەرگىز ئۆلەرمۇ ئول كىشىكىم يىلدا بىر كېچە،
تاڭغا تېگىنچە سەن كەبى بىر سىيمبەر قۇچار؟
لۇتفىي، يۈز ئالتۇنى بىلە ۋەسل ئىستەمە، فەقىر،
كىم ئاقچە يۈزنى ئەر كىشى قۇچماسكى، زەر قۇچار.

* * *

سېنى جەمئىكى، گۇلرۇخسار دەرلەر،
مېنى ھەم ئەندەلىبى زار دەرلەر.
بۇ قەد ئېرمەس، ئېرۇر رۇھى مۇسەۋۋەر،
رەۋان ئۆلكىم، ئانى رەفتار دەرلەر.
نەزەر ئەھلى كۆرۈپ نارتەك ياڭاقىڭ،
مەسەل: «بىر نارۇ مىڭ بىمار» دەرلەر.
تەبىبلەر بارچە دەردىمدىن ھەراسان،
تىرىلمەكنى بەسى دۇشۋار دەرلەر.
ساچىڭ رۇم ئىچرە چىندىن باش چىقاردى،
ئانى ئول ۋەجھىدىن سۇسمار دەرلەر.
نە كۆڭلى ساددا ئەلدۇر ئىشق ئېلىكىم،
سېنىڭتەك بىۋەفانى يار دەرلەر.

ئەدەمدۇر ئۇل ئاغىز فىكرىندە لۇتفىي،
خەلايىق بىلمەي ئانى بار دەرلەر.

* * *

سېنىڭ شىرىن لەبىڭ جاندىن قالىشماس،
ساچىڭنىڭ كۇفرى ئىماندىن قالىشماس.
ختار تۇركى ئانىڭكىم نېچە بولسا،
كۆزۈڭنىڭ شىۋەسى ئاندىن قالىشماس.
رەۋامۇدۇر مېنى ئۆلتۇرسە تەشنە،
لەبىڭكىم ئابى ھەيۋاندىن قالىشماس.
كۆزۈمنىڭ ياشىدىن ئەيمەنگىل، ئاخىر
كى ھەربىر مەۋجى تۇفاندىن قالىشماس.
ئىشىكىڭ ئىتىنە كىم بولسا يولداش،
ئانىڭ ئىقبالى سۇلتاندىن قالىشماس.
يازۇقتۇر، تۆكمەسۇن ياشىمنى لەئلىڭ،
كىم ئۇشبۇ ئال ياشىم قاندىن قالىشماس.
ئۇلۇغبەكخان بىلۇر لۇتفىي كەمالىن،
كى رەڭگىن شېئرى سەلماندىن قالىشماس.

* * *

دىلبەر ساغىنماغان جەھەتى بۇ فىراق ئىمىش،
«كۆزدىن يىراق بولسا كۆڭۈلدىن يىراق» ئىمىش.
تىنماس خەيالى كېيىنچە كۆز ياشى قەترەدىن،
يۈز سارىنە يۈگۈرگۈچى كۆلگۈن بۇراق ئىمىش.
بولماس ۋىسال بىرلە كۆڭۈل دەردۇ داغى كەم،
ئۇل تويماغۇردا، ۋەھ، نەبەلا ئىشتىياق ئىمىش.
قان باغلادى جىگەرلەرى ئۇل غەمزە سەھمىدىن،
چىنۇ ختادا نېچەكى ئاھۇ قاراق ئىمىش.
يايدەك بويۇمنى ئەگدى قاشىڭ بارى غەم بىلە،
كىم، ئەگرىلىكدە دەۋرى قەمەر ئىچرە تاق ئىمىش.
بۇزدى قارا چېرىك بىلە كۆڭلۈم ۋىلايەتىن،
ئۇل كۆزكى، تۇركلەردەك ئىشى تالاماق ئىمىش.
لۇتفىي، ھەرىيدە قالمادى شېئرىڭگە مۇشتەرى،
ئەزمى ھىجاز قىلكى، مەقامىڭ ئىراق ئىمىش.

* * *

نارتەك ياڭاقلارىڭ كەبى شەمئ ئەنجۇمەندە يوق،
سەرۋ قەدىڭ مەڭزىلى سەنەۋبەر چەمەندە يوق.
سەنسىز چەمەندە، يار، ئاچىلماس كۆڭۈل، بەلى،
نازۇ كەرەشمە سەرۋۇ گۈلۇ يا سۇمەندە يوق.
ھەردەم جەمالىڭ ئارتارۇ ھۇسنۇڭغە يوق نەزەر،
مېھرۇ ۋەفا، دەرىغكى، ئەي ئۇمر، سەندە يوق.

يۈزۈڭنى گۈل چۇ تاپمادى كۆڭلەكنى قىلدى چاك،
يۈسۈفنىڭ ئىدى، ئارىكى، ھەر پىرەھەندە يوق.
جانىم چىقار جەمالىڭغە قىلغاندا بىر نەزەر،
دەرداكى، باقىغالى يەنە بىر جان بەدەندە يوق.
كۆڭۈل خىتا يولىن داغى مۈشك ئىزدەمە، سەبا،
چىن ساچىدەك چۇ مۈشك خىتاۋۇ خوتەندە يوق.
تىشىڭ دۈرىنى لۇتفىي سىفەت قىلغالى بېرى،
بىردۇر قىيمەتى سۆزى ياڭلىغ ئەدەندە يوق.

* * *

ئەي كۆزۈڭنىڭ شىۋەسى ئالەمنى مەدھۇش ئەيلەمەك،
زۈلفۈڭ ئىشى چىن ئېلىنى ھەلقەدەر گوش ئەيلەمەك.
بېلىڭۇ ئاغزۇڭ خەيالى بىرلە بولغۇمدۇر ئەدەم،
كىم بولۇرمەن قۇلغە فىكرى بوسۇ ئاغۇش ئەيلەمەك.
كۆڭلۈمىز مۇنداقكىم، ئۆرگەندى سېنىڭ يادىڭ بىلە،
تا قىيامەت كەلمەگەي بىزدىن فەرامۇش ئەيلەمەك.
ئەي كۆڭۈل، نوش ئەيلە يۈزىمىڭ مۇندەئىي ئاچچىق سۆزىن،
كىم، كېرەك ئول لەئل ئۈچۈن خۇنابەلەر نۇش ئەيلەمەك.
ئىشقدىن مەنئ ئەتسە زاھىد بولماغىل مەشئۇف ھېچ،
كىم ئېرۇر ئەھمەق جەۋابى، لۇتفىي، خامۇش ئەيلەمەك.

* * *

ئەي ئادەمىيلەر جانى، پەرىغە نە بولۇرسەن؟
بۇ جىسىم ئىلە گۈلبەرگى تەرىغە نە بولۇرسەن؟
سەندىن ماڭا نەززارە تېگەر، ئول داغى گاھ ـ گاھ،
سەن چەرخى فەلەكنىڭ قەمەرىغە نە بولۇرسەن؟
رەفتار ئىلە بىر يولى مۇنىڭدەك داغى ئوخشاش،
ئەي سەرۋ سىھى، كەبكى دەرىيغە نە بولۇرسەن؟
يۈسۈف كەبى شىرىندۇرۇر ئەسرۇ ھەرەكەتىڭ
سەن مىسر نەباتۇ شەككەرىغە نە بولۇرسەن؟
سەندەك سەنەمى كۆرمەدى لۇتفىي چاغاتايدا،
چىن سۆزلە خىتا خوبلارىغە نە بولۇرسەن؟

* * *

ئەي كۆڭۈل، بەختى قارا زۈلفى پەرشانىڭ ئۈچۈن،
جانىم ئارامسىزدۇر ئول نەرگىسى فەتتانىڭ ئۈچۈن.

شىۋەدىن باشقا جەمالىڭدا كۆرۈپدۇرمەن ئانى،
ئەقل دىۋانەۋۇ جان ۋالە ئېرۇر ئانىڭ ئۈچۈن.
قاشۇ كۆزۈڭدىن ئېرۇر چىنۇ خىتا زىرۇ زەبەر،
ھىند ئېلى سىلسىلەدە جەئدى پەرىشانىڭ ئۈچۈن.
باش ئاچار تۇبىيۇ، شەمشادۇ چېنار ئەل كۆتەرۇر،
كىم ئۈزۈن ياش تىلەگەي سەرۋى خىرامانىڭ ئۈچۈن.
«تۆكمە قانىمنى تەبەسسۇم بىرلە» لەئلىڭغە دېدىم،
كۈلۈپ ئايتۇر: «مېنى كىم سورغۇسىدۇر قانىڭ ئۈچۈن؟»
كۆرمەگەننى ماڭا كۆرگۈزدى دۇداغىڭ كۈلەرى،
سالدى يوق قايغۇغە، يەئنى شەككەرىستانىڭ ئۈچۈن.
كۆپ جەفا قىلما، ستەمگە داغى ئىنساف كېرەك،
لۇتفىيىنىڭ كۆڭلىن ئالىپ خەير ئېتە كۆر، جانىڭ ئۈچۈن.

* * *

ئەي «قۇلۇر ـ رۇھ» ئايەتىنى لەئلى تەسۋىر ئەيلەگەن،
ئىيسا ئەنفاسىن تەكەللۇم بىرلە تەئبىر ئەيلەگەن.
ئىشق ئۇقىنە بۇ تەنى خاكىي نىشان بولسۇن ئۈچۈن،
باشتا قاشىنى كەمانۇ غەمزەنى تىر ئەيلەگەن.
سەن ئەگەر دىيدار بىرلە فىكرى دەرمان قىلماساڭ،
دۇنيادا چىقماس مېنىڭ دەردىمغە تەدبىر ئەيلەگەن.
ئول قارا قاشتەك قەلەم بىرلە سىزىلغان تاپمادى،
سۇرەتى چىن دەفتەرىن يۈز قاتلە بىر ـ بىر ئەيلەگەن.
مەن ھەمان ئالدانمادىم جادۇ قاراقىڭ سېھرىنە،
كىم، كۆزۈڭ ئەشكالىدۇر ئالەمنى تەسخىر ئەيلەگەن.
باغلادى يېپسىز مېنىڭ كۆڭلۈم ئاياغىن چىن ئارا،
ئەھلى سەۋدا بوينىنە زۇلفۇڭنى زەنجىر ئەيلەگەن.
چېھرەدىن بۇرقەئ ئالىڭىزكىم، يىگىتلىك چاغىدا،
ھەسرەتى دىيدارىڭىزدۇر لۇتفىينى پىر ئەيلەگەن.

* * *

سۇنبۇلۇڭنى كۆرگەلى گۇلتەك رۇخي ئال ئۇستىنە،
باشنى گوي ئەتمىشمەن ئول چەۋگان ئۈچۈن خال ئۇستىنە.
ئەي قۇياش يۈزلۈك، سەئادەتدۇر ھۇمايۇن كۆزلەرىڭ،
بۇ گەدا سۇلتانلىق ئىستەر، سايەئى سال ئۇستىنە.
چۈن خەيالىڭنىڭ كېچەر يېرى كۆزۈم دەرياسىدۇر،
كىرپىكىمدىن باغلادىم ئول ۋەجھ ئىلە سال ئۇستىنە.
گۆشەلەردە قان قىلۇر ئەردى كۆزۈڭ، ئالدىن قاشىڭ،

چىن چەرىكىن چەكتى ئۇل جادۇئى قەتتال ئۇستىنە.
ئەي چىبىن، ئۇل دەمكى ئەرنى سارى پەرۋاز ئەيلەدىڭ،
بىزنى يەتكۇزسەڭ نە بولغاي ئېلتۇبان ئال ئۇستىنە.
ئۇل تەنى سىيمىن ئۇزە يەل تەگسە تىترەر كۆڭلەكى،
تىترەگەي ئانداقكى مۇدخىل گەنج ئىلە مال ئۇستىنە.
بىلمەگەي ئۇل تىل ئاغىزدىن، ھېچ يوق قايغۇ بىلە،
لۇتفىينى ئۇمرى تۇگەندى قىيل ئىلە قال ئۇستىنە.

* * *

ئەگەر سەن بولماساڭ گۇلتەك چەمەندە،
كىشى نېتكەي ئۇشۇل بەيتۇل - ھەزەندە؟
فەلەك يۇلدۇز كەبى خوبلارنى يىغسا،
يۇزۇڭ بولغاي قۇياش ئۇل ئەنجۇمەندە.
ئەقىق ئەرنىڭ قاشىندا نازۇك ئېرمەس،
نە ياخشىلىق بار ئۇل ئەسلى يەمەندە؟
قىلۇر قان غەمزەسى كۆزلەرنى باغلاپ،
ھەلال ئۇلسۇنكى، سىھر ئەيلەر بۇ فەندە.
لەبىڭ قەندىنى سوراي دېسەم، ئايتۇر:
«ئايا، كۆردۇڭمۇ سالمىش كۆزنى قاندە؟»
ساچىڭدىن چۇن ئوغۇرلار مۇشك خۇش بۇي،
قىلۇرلار بەندۇ بەند ئانى خوتەندە.
تىشىڭ ئىنجۇسىنى تا كۆردى لۇتفىي،
تاپىلماس ياشىدەك بىر دۇر ئەدەندە.

* * *

خۇرشىد زەررە - زەررە نۇرىكى بەردى ئايغە،
دەريۇزە قىلدى سەندىن، رەۋشەن دۇرۇر خۇدايغە.
سوردۇڭكى، نېچە بولدى دىۋانە سەن قاشىمدىن،
دىۋانەدىن سورارسەنكىم نېچە بولدى ئايغە؟
گەر تەڭرىنىڭ رىزاسىن، سۇلتانىم، ئىستەر بولساڭ،
بەرگىل زەكاتى ھۇسنۇڭ بىر بۇسە مەن گەدايغە.
زۇلفۇڭ چىنىگە كۆڭلۈم باردى كۆزۈم يولىدىن،
دەريا يولىدىن ئاسان بارسا بولۇر خىتايغە.
ئەي ھۇسن ئىلە تەۋانگەر، بۇ لۇتفىي كۆڭلىن ئالغىل،
چۇن ھەج گۆزەرلەمەكدۇر پەيۋەستە فەرز بايغە.

* * *

سۇنبۇلۇڭنى تاڭ يېلى تارقاتتى گۇلپۇش ئەتكەلى،
بىخەتا چىن بۇتلارىنى ھەلقە دەرگۇش ئەتكەلى.
جانغە ھىجران زەھرى تەگدى، ۋاي، ئانىڭكى ئاچچىغى
قۇيمادى ۋەسلىڭ مەيىدىن جۇرئەئى نۇش ئەتكەلى.

سىز ئەگەر ياد ئەتمەسەڭىز بىزنى، سۇلتانىمىز بېگىم،
بەندەنى نەھەددى بار سىزنى فەراموش ئەتكەلى؟
ۋەھ، نەلەر ئۆلتۈرگەي ئەردى بىزنى ھەجر ئەندىشەسى،
كەلمەسە ھەردەم خەيالىڭ خەيلى مەدىھۇش ئەتكەلى.
گۈل ياڭاقىڭ نارى بۇلبۇلدەك فىغاندىن لۇتفىينى
بىر نەفەس ئىمكان ئەمەسكىم، قويسا خامۇش ئەتكەلى.

* * *

تا ئارەزىڭ گۈلى بىزەدى ھۆسن باغىنى،
باغرىمغە قويدى لالە كەبى ئىشق داغىنى.
قەددىڭە بەندە بولغالى بوستان ئىچىندە سەرۋ
يىغماس كىشى قاتىندا ئۇزالغان ئاياغىنى.
شەمئى جەمالىڭىز ھەۋەسى ئىچرە تۈن - كېچە
ياندۇردى ئاھىم ئوتى فەلەكنىڭ چىراغىنى.
مۇشكىن ساچىڭە ئەنبەر ئۆزىنى تۇتار شەبىھ،
سەۋدائى خام فاسىد ئېتىپدۇر دىماغىنى.
كۆڭلۈمنى قىلدى زۇلفۇ يۈزۈڭ بىقەرارمەن
گاھ رۇمۇ گاھ چىندە تاپارمەن سوراغىنى.
جان قەسدىغە مۇنۇڭ كەبىكىم ئىشۋە باشلادىڭ،
ئۇششاق قىلسالار كېرەك ئۆلمەك ياراغىنى،
لۇتفىي مەجالى قالمادى ھىجران جەفاسىغە،
قىلچە تەنىگە يۈكلەمە كۆپ قاف تاغىنى.

* * *

نىقاب ئالماكىم ئول نارتەك ياڭاقتىن، جان كەباب ئولدى،
كەرەشمەڭنى كۆرۈپ ئالەم بارى مەستۇ خىراب ئولدى.
ئەزەلدە يۈزۈڭىز ئەكسى فەلەك كۆزگۈسىدە تۈشتى،
بۇ كۈن ئول نۇرنۇڭ ئايى جەھاندا ئافتاب ئولدى.
خوتەنگە چۈن سەبا ئېلتتى، ساچىڭ ئىدى رەۋان بويى،
گىياھىكىم كىيىكلەر سەيدى چۈن ئول مۇشكى ناب ئولدى.
رەقىبىڭ جەۋرى يوق ئانچەكى دىدارى ئىشىكىڭدە،
چۇ فىردەۋس ئىچرەمەن، روزىم نەگۇ مۇنچە ئەزاب ئولدى.
چۇ گۈل كۆردىكى، سۇ ھەركۈن تېگەر قۇتلۇق يۈزۈڭگە،
ياقىلدى شەرق ئوتىندەيۇ بۇ ھەسرەتتىن گۇلاب ئولدى.
يۈزۈڭدىن بۇرقەئ ئالغىل، تا قاشىڭدىن جان رەۋان قىلسام،
ئىلىك تۇتكىم، ئارامىزدا نىقابۇ جان ھىجاب ئولدى.
بۇ لۇتفىي كۆپ تىلەر ئەردىكى باش قويسا ئىشىكىڭدە،
بىھەمدۇللاھكى، تىغىڭدىن دۇئاسى مۇستەجاب ئولدى.

(ماقالا ئاپتورى ش ئۇ ئا ر خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

يۈسۈپجان ياسىن

# جاھىز ۋە ئۇنىڭ «تۈركلەرنىڭ* پەزىلەتلىرى» دېگەن ئەسىرى ھەققىدە

## 1. جاھىزنىڭ ھاياتى

ئىسلامىيەت تارىخىدا دەسلەپكى مەزگىللەردىن بېرى ھېچقانداق بىر سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ئارىلاشمىغان كىشىلەر «مۇئتەزىلىيلەر» دەپ ئاتالغان. جاھىز خەلىپىنىڭ سارىيىدا ناھايىتى ئېتىبارلىق مۇئامىلىگە ئېرىشكەن مۇئتەزىلىيلەر ئېقىمىدىكى ئالىملاردىن بىرى ئىدى.

جاھىز ئەرەبلەرنىڭ زەيس قەبىلىسىدىن بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئۇسمان ئەمىر ئىبنى بەھر ئىبنى مەھبۇب بولۇپ، باشقىلار ئۇنى ئەل - كىنانى ئەل - فەقىمى دەپ ئاتايتتى. ئۇ بەسرەدە تۇغۇلغان، لېكىن قاچان تۇغۇلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بەزى مەنبەلەردە مىلادىيە 766 - يىلى تۇغۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنسا، يەنە بەزى مەنبەلەردە 776 - يىلى تۇغۇلغان دېيىلىدۇ. بەزى مەلۇماتلاردا، ئۇنىڭ ئەرەب بىلەن نېگىرنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن بىر شالغۇت ئائىلىنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىمۇ سۆزلىنىدۇ. جاھىز ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەمەس. ئۇ بەكلا سەت ۋە كۆرۈمسىز ئادەم بولۇپ، كۆزلىرى پولتىيىپ تۇرغاچقا، «ئەل - جاھىز» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان. جاھىزنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە بەسرەنىڭ ئىلمىي مۇھىتى گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇ بۇ شەھەردە ئەرەب ۋە تۈركىيلەردىن چىققان مەشھۇر ئالىملاردىن تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە ۋە دىن بىلىملىرىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگەنگەن. بىلىمگە بولغان قىزغىنلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، كىچىك تۇرۇپلا ئىلمىي تەتقىقاتلارغا قەدەم قويغان. جاھىز تېزلا يېتىشىپ ھەر تۈرلۈك تېمىلاردا ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. جاھىزنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرگەن مۇئتەزىلىيلەر ئېقىمىنىڭ باشچىلىرى ئۇنى يېنىغا تارتىپ، ئۇنىڭغا ماددىي ياردەملەرنى بەرگەن. شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن بىرى بولغان ئىبنى خىففان ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئىشتىياقى ھەققىدە مۇنداق يازغان: «دۇنيادا ئۈچ كىشىدىن باشقا كىتاب ئوقۇشقا تەلۋىلەرچە ئاشىق بولغان بىرمۇ ئادەمنى ئاڭلىمىدىم ھەم كۆرمىدىم. بۇلارنىڭ بىرى جاھىزدۇر. ئۇ قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھامان قولىدىن كىتاب چۈشمەيدۇ، دائىم كىتاب كۆرىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ بەزىدە كىتاب كۆرۈش ئۈچۈن كىتابچىلار بازىرىدا تۈنىگەن چاغلىرىمۇ بولغان...»① بەزى نەقىللەرگە قارىغاندا، بىر كۈنى جاھىز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئانىسى ئۇنىڭ ئالدىغا تاماقنىڭ ئورنىغا ئىچىگە كىتاب سېلىنغان بىر قاچىنى قويغان. جاھىز بۇنىڭ

---

* جاھىز ئېينى دەۋردىكى تىل ئادىتى بويىچە بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى «تۈركلەر» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىغان. بىز بۇ ماقالىدە جاھىز قەلەمگە مەنسۇپ نەقىللەردە ئەسلىگە ھۆرمەت قىلغان ھالدا «تۈركلەر» دەپ ئالدۇق. ماقالە ئاپتورىغا مەنسۇپ بايانلاردا بولسا «تۈركىيلەر» ياكى «تۈركىي تىللىق خەلقلەر» دەپ ئالدۇق (مۇھەررىردىن).

سەۋەبىنى سورىسا، ئانىسى ئۇنىڭغا «سېنىڭ ئۆيگە ئەكەلگىنىڭ مانا مۇشۇ»② دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ئىشتىن كۆڭلى يېرىم بولغان جاھىز ئۆيىدىن چىقىپ بەسرە جامەسىگە مۇۋايىس ئىبنى ئىمراننى ئىزدەپ بارغان. ئىمران ئۇنىڭغا 50 دىنار ياردەم قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن جاھىز تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن تىجارەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. خەلىپە مەمۇن جاھىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنى مىلادىيە 816 ـ يىلى باغدادقا تەكلىپ قىلغان. جاھىز باغدادقا كېلىپ بىلىمنى يەنىمۇ تولۇقلىغان، ئوردىغا كىرىپ خەلىپىنىڭ ۋە ۋەزىر ئىبنى زەييادنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تۈرلۈك تېمىلاردا ئەسەر يازغان. ئەسەرلىرىنى كۆپىنچە دۆلەت ئادەملىرىنىڭ نامىغا ئاتىغان. مەئمۇن دەۋرىدە جاھىز بىر قېتىم دىۋانەل ـ رەسائىلغا ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن. ئۇ خەلىپىنىڭ ۋە باشقا دۆلەت ئادەملىرىنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارلىق بىر ئادەمگە ئايلانغان، بولۇپمۇ ئىبنى زەيياد ۋەزىر بولغان مەزگىللەر (835 ـ 847) جاھىزنىڭ ئەڭ شۆھرەت قازانغان دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەدەبىيات ۋە سىياسەتتە باش قازى ئەھمەد ئىبنى ئەبى دۇئادقا قارشى ئىبنى زەييادنى ھىمايە قىلغاچقا، ئۇمۇ دوستى جاھىزنى ھىمايە قىلىپ ئۇنىڭغا دىۋاندىن مەخسۇس مائاش بېكىتكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر پارچە ئېكىنلىك يەر بۆلۈپ بەرگەن. جاھىزنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئەڭ ھوسۇللۇق دەۋرى مۇشۇ دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەزگىللەردە يازغان بىرمۇنچە كىتابلىرى ئىبنى زەييادقا بېغىشلانغان. ئۇنىڭ بۇ دەۋردە قانچىلىك باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى ۋە ئېتىبارلىق بىر شەخسكە ئايلانغانلىقىنى خاتىب ئەل ـ باغدادى تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنغان بىر ۋەقە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ تۈركىيلەردىن چىققان ۋەزىر فەتىھ ئىبنى خاقانغا ھەمراھ بولۇپ شام، ھىمس ۋە ئەنتاكىيەگە ساياھەت قىلىپ بارغان. مىلادىيە 847 ـ يىلى ئىبنى زەيياد ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەندە، جاھىزمۇ قولغا ئېلىنىپ زىندانغا تاشلانغان. كېيىن ئىبن ئەھمەد ئىبن ئەبى دۇئاد ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپ، زىنداندىن ئازاد قىلغان. ئەھمەد ئىبنى ئەبى دۇئاد ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن جاھىز خەلىپە مۇتەۋەككىل بىلەن فەتىھ ئىبن خاقان تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنغان. فەتىھ ئىبن خاقاننىڭ تەۋسىيەسى بىلەن خەلىپە مۇتەۋەككىل جاھىزنى بالىلىرىغا ئۇستاز قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سەتلىكى تۈپەيلىدىن خەلىپە بۇ قارارىدىن ۋاز كەچكەن. جاھىزنىڭ سارايدىكى ھاياتى مىلادىيە 861 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان. مۇشۇ يىلى خەلىپە مۇتەۋەككىل ۋە فەتىھ ئىبنى خاقان قاتارلىقلار تۈرك قوماندانلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ ئوردىدىن چىقىپ بەسرەگە قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى ناھايىتى قىيىنچىلىق ۋە ئېغىر كۈنلەر ئىچىدە ئۆتكەن. يەنە كېلىپ قېرىلىق، پالەچلىك ۋە نىقرىس كېسەللىكى تۈپەيلىدىن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىنى ناھايىتى ئازاپ ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇ مىلادىيە 869 ـ يىلى بەسرەدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

جاھىز ھەققىدىكى ھەر تۈرلۈك بايانلار ۋە مۇئەللىپلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئۇ بويى پاكار ھەم ئاۋاق، يۈزى تومپىيىپ چىققان، كۆزلىرى پۈلتىيىپ تۇرغان، بوينى ئىنچىكە، كالپۇكى قېلىن، تېرىسى قوڭۇر رەڭلىك بىر ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئويۇنخۇمار، خۇش چاقچاق، ئەقىللىق، قىزىقچى، دانىشمەن، ئىقتىسادچىل ۋە مۇنازىرىدىن شاتلىنىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ جىسمانىي جەھەتتە كۆرۈمسىز بولسىمۇ، روھىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن ۋە دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئادەملىرى بىلەنمۇ يېقىن ئالاقە ئورنىتالىغان. ھەتتا جاھىزنىڭ سەتلىكى توغرىسىدا توقۇلغان ھېكايىلەر ئۇنى ھەممىگە تونۇشلۇق بىر ئادەمگە ئايلاندۇرغان.

مەنبەلەردە ئۇنىڭ توي قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى، ئەۋلادىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمەيدۇ. پەقەت مەيمۇن ئىبنى ھارۇننىڭ مەلۇماتىدىن ئۇنىڭ بىر دېدىكىنىڭ بولغانلىقى، يەنە بىر دېدەكنىڭ ئىشلىرىنى قىلىدىغانلىقى مەلۇم. يەنە بىر خاتىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ تۈركىيلەردىن بولغان بىر دېدەككە ئۆيلەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئوغلىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. لېكىن، بۇ بالىنىڭ ھاياتى ھەققىدە ھېچقانداق بىر مەلۇمات يوق.

جاھىز ئىسلام تەپەككۇر تارىخىدا مۇھىم بىر ئورۇن تۇتىدىغان مۇتەپەككۇر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسلىي شۆھرىتى ئەدەبىيات ساھەسىدە ئوتتۇرىغا چىققان. جاھىز ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەڭ كۆپ ئەسەر يازغان مۇئەللىپلەرنىڭ بىرى. جاھىز ئەرەب نەسرىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل شەكلىنى ياراتقان كىشى دېيىلىدۇ.

جاھىز ئەدەبىيات، كەلام، تارىخ، سىياسەت، ئەخلاق، سەنئەت، تىجارەت، مەدەنچىلىك، زوئولوگىيە ۋە بوتانىكا قاتارلىق تېمىلاردا بىر كۇتۇپخانا ھاسىل قىلغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئەسەر يازغان. ئەسەرلىرىنىڭ ئېنىق سانى مەلۇم بولمىسىمۇ، بۇ ھەقتە بەزى خاتىرىلەر بار. سەبەت ئىبنۇل - جەۋز ئۇنىڭ 370 پارچە ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى باغدادتا ئەبۇ ھەنىفە كۇتۇپخانىسىدا كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان. بۇلاردىن 25 پارچە ئەسەر تولۇق، 65 پارچە ئەسەر بىرئاز كەمتۈك ھالدا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دەلىل، تەجرىبە ۋە تارىخقا تايىنىپ يېزىلغان. ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرسە ئۇنىڭ يەنە ياخشى بىر پسىخولوگ ئىكەنلىكىمۇ بىلىنىدۇ. ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئېنسىكلوپېدىيىلىك ماھىيەتتە يېزىلغان. بىروككېلمانن جاھىزنىڭ ئەسەرلىرىنى تېمىلارغا قاراپ تۆرگە ئايرىغان. ئومۇمەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مۇنداق ئۈچ چوڭ تۈر بويىچە تونۇتۇلىدۇ.

بىرىنچى تۈردىكىلەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى شاتلاندۇرىدىغان بىر شەكىلدە زىيالىيلار قاتلىمىغا ئەرەب مەدەنىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يازغان ئەسەرلەر ئىدى. بۇ تۈردىكى ئەسەرلىرىدە فونېتىكا ۋە سۆز سەنئىتىنىڭ ئاساسلىرىنى ياراتقان. بۇلار ئەرەبلەرنىڭ شېئىر ۋە خىتابەت ساھەسىدىكى ماھارىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن يازغان ئانتولوگىيە ماھىيىتىدىكى ئەسەرلەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك ئورۇندا تۇرىدىغىنى «كىتابۇل - ئەئيان ۋەت تابىئىن» دېگەن ئەسەردۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ جاھىز سۆز سەنئىتى جەھەتتە دەۋرداشلىرىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى.

ئىككىنچى تۈردىكى ئەسەرلىرى بولسا ئىلمىي مەقسەت بىلەن قەلەمگە ئېلىنغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇھىم ئەسەر ھايۋانلار ھەققىدە يېزىلغان ۋە بەزى يەرلىرىدە كەلام، پەلسەپە، سوتسىيالوگىيە ۋە قەدىمكى ئەرەب شېئىرلىرىگە دائىر قىسمەن مەلۇماتلار ھەمدە تىلغا دائىر ئىزاھاتلار بېرىلگەن «كىتابۇل - ھەيۋان» دېگەن ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسىرىدە تۈرلەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى، ئىقلىم ۋە مۇھىتنىڭ تەسىرى ۋە ھايۋان پسىخولوگىيىسىگە دائىر مۇھىم بايانلار بار. جاھىز ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ بۈيۈك زولولوگ ۋە ئانتروپولوگ ئىدى. ئۇ ھايۋانلارنىڭ ھەربىر تۈرىنى تەتقىق قىلغان ۋە ھايۋانلارنى تەجرىبە قىلغان تۇنجى ئالىم ئىدى. ئۇ تەتقىقات ۋە تەجرىبىلىرىنى شۇ تېما ھەققىدە توغرا نەتىجىگە ئېرىشكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرغان. ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزا ئۆزگىرىشىنىمۇ تەتقىق قىلغان. جاھىز ئەسەرلىرىدە ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ھايۋانلارنى سۆزلىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇنداق ئىپادىلەش شەكلى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھىندىستاندا «كەلىلە ۋە دىمنە» دە، 13 - ئەسىردە مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋى شەرىف» دېگەن ئەسىرىدە كۆرۈلگەن. جاھىزدىن تولۇق سەككىز ئەسىر كېيىن ياشىغان فرانسۇز ئەدەبىياتچىسى لافونتايىن

ئۇنىڭ ھايۋانلارنى سۆزلىتىش ئۇسلۇبىنى تەقلىد قىلىپ شۆھرەت قازانغان. جاھىز ياۋروپالىق ئالىملاردىن كۆپ ئەسىر بۇرۇنلا ئىنساننىڭ تېرىدىكى تۆشۈكچىلەر ئارقىلىقمۇ نەپەسلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتە «كىتابۇل ـ ھەيۋان» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «بەدەندىكى ھەربىر تال تۈكنىڭ ئاستىدا ئىنساننى نەپەسلەندۈرىدىغان تۆشۈكچىلەر بار. ئەگەر بۇ تۆشۈكچىلەر بولمىسا، ئىنسان ھاياتىنىڭ تۇنجى باسقۇچىدىلا ئۆلەتتى» دەيدۇ. جاھىز تارىختا تۇنجى قېتىم قۇرۇق دېستىلاسىيۇن قىلىش تەجرىبىسى بىلەن ھايۋان قىغىدىن ئاممىياك گازى چىقارغانىدى. جاھىز پەنلەر ئېنسىكلوپېدىيىسى ماھىيىتىدىكى بۇ ئەسىرىدىن باشقا ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەرەخلەر ھەققىدىمۇ «كىتابۇز ـ زەر ۋەن ـ نەھل» (بۇغداي ۋە خورما) دېگەن بىر كىتاب يازغان. ئۇ تۈرلەر ئارىسىدا ئۆتئۈنۈش بولماستىن، بەلكى تۈرلەرنىڭ ئۆز ئىچىدە بەلگىلىك بىر تەرەققىيات باسقۇچىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن خورما دەرىخىدىن مىسال كۆرسەتكەن. ئۇ ئىرق ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە دائىر يازغان «كىتابۇس ـ سۇرەھا ۋە ھۇجەنا» (نەسەبى ئېسىل بولغانلار ۋە بولمىغانلار ھەققىدە)، «كىتابۇس ـ سۇدان ۋەل ـ بىزان» (قارا ۋە ئاق تەنلىكلەرگە دائىر)، «كىتابۇن ـ نىسا» (ئاياللارغا دائىر كىتاب)، «كىتابۇل ـ مەسائىل» قاتارلىق كىتابلىرىدا تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار ئۈستىدىكى تەسىرىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىنىڭمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، ئايال بىلەن ئەر كىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى، ھەر ئىككى جىنسنىڭ ئۆزىگە خاس قابىلىيىتىنى ۋە ئوخشايدىغان تەرەپلىرىنى پسىخولوگىيىلىك نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلغان.

جاھىز ئەسەرلىرىنىڭ ئۈچىنچى تۈرىدىكىسىنى ئورگىنال ئەدەبىي ئەسەرلەر، دىنىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا دائىر ئەسەرلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئەدەبىي تۈردىكى ئەسەرلىرى ئىچىدە ھەر خىل خاراكتېردىكى ئىنسانلار تەھلىل قىلىنغان «كىتابۇل ـ بۇھالە» دېگەن ئەسىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەجۋىي قىلىش ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەردە مەۋجۇت مۇھىتتىكى ئىجتىمائىي ھايات تەھلىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئەرەب ئەدەبىياتىدا تەڭدىشى يوق بىر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە سۈنئىي ئۇسلۇبتىن قېچىپ تەبىئىيلىكنى ئەۋزەل بىلگەن، جانلىق تىلغا مۇھىم ئورۇن بەرگەن. جاھىز ئىلاھىيەتكە دائىر ئەسەرلىرىدە ئەقلىچىل بىر يولنى تەتبىقلىغان. سىياسىي ئەسەرلەرنى بىر دوكلات ياكى خۇلاسە شەكلىدە يازغان. ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى ئەسەرلىرى قاتارىغا ئانتروپولوگىيە، ئەرەب فولكلورى، تارىخ، قەدىمكى ئەرەب ۋە ئىران دىنلىرى، ھىندى دىنى، قۇرئان بىلىملىرى ۋە پەلسەپۋى مەسىلىلەرگە دائىر ئەسەرلىرىنى قوشۇشقا بولىدۇ.

جاھىز ئىسلام پەلسەپە تارىخىدا ئالاھىدە بىر ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ مۇئتەزىلىيلەر ئېقىمى ئىچىدە يەنە مۇستەقىل بىر كەلام مەكتىپىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ مەزھەپ «ئەل ـ جاھىزىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە ياشىغان جاھىز بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ئۇ بۇ مەدەنىيەتنىڭ ھەم دىنىدىن ھەم دىنىي خالىي تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھايات چېغىدا ئۆز شۆھرىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان. بىر كىشى ئەبۇ خىففانغا «جاھىز سېنى بىسەرەمجان قىلدى، ئۇنى نېمىشقا مەسخىرە قىلمايسەن» دېگەندە، ئەبۇ خىففان «تۆۋە خۇدايىم، مەن ئالجىپ قالدىمۇ، ئۇ ئەتىگەندە ماڭا قارشى بىر ئەسەر يازسا كەچكىچە شۆھرىتى چىنغا يېتىپ بارىدىغان تۇرسا»③ دەپ جاۋاب بەرگەن. جاھىز بىر شېئىرىدە «مەندىن بۇرۇن خېلى كۆپ كىشىلەر نۇرغۇن يول باسقان بولسىمۇ، ئەھمىيىتى يوقتۇر، مەن ئاستا ـ ئاستا يۈرۈپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم»④ دەپ يازغان. سابىت ئىبنى قۇرراتۇل ـ ھەررانى مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ بۈيۈك ئادەمگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەب مىللىتىگە ھەۋەسىم كېلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى

سىياستى، دىندارلىقى ۋە ئادالىتى بىلەن تونۇلغان ئۆمەر ئىبن ئەل ـ خەتتاب، ئىككىنچىسى دىندارلىقى، ئەخلاقى ۋە ئىلمى بىلەن تونۇلغان ھەسەن ئەل ـ بەسرى، ئۈچىنچىسى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ خاتىبى، ئەدىبى ۋە ناتىقلارنىڭ ئۇستازى جاھىزدۇر⑤». شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىلىمنىڭ شۇنچە كۆپ تۈرلىرىدە مۇھىم ۋە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان جاھىزنى ئەدەبىي ئۇسلۇب جەھەتتىن ئىنكار قىلغانلار، ئەخلاقسىز ۋە ئېتىقادسىز ئادەم دەپ قارىلىغانلارمۇ كۆرۈلگەن. كېيىنچە بۇ ئالىمنىڭ نامى بىرئاز ئۇنتۇلۇپ، پەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر پەقەت سەتلىكى بىلەن مەشھۇر بىر سۆز ئۇستىسى، تەرەپدار توپلىيالمىغان بىر مۇئتەزىلىيلەر ئېقىمىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئەرەب ئېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پايدىنىلىدىغان ماتېرىياللارنى توپلىغان بىر ئانتولوگىيە مۇئەللىپى سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەلگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈركولوگىيە مەنبەلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قېزىلىشى ۋە باشقا پەن ساھەلىرىدىكى ئىزدىنىشنىڭ كۈچىيىشى بىلەن جاھىزنىڭ ھەقىقىي ئىلمىي ئوبرازى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى.

## 2. جاھىزنىڭ تۈركىيلەرگە دائىر ئەسىرى

جاھىز ئۆز دەۋرىدىكى مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرى ھەققىدىمۇ ئەسەر يازغان. ئەرەبلەر ۋە ئەرەبلەردىن بولمىغان مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا «كىتابۇل ـ ئەرەب ۋەل ـ مەۋالى» نى يازغان. يەنە «كىتاب ئەل ـ ئەرەب ۋەل ـ ئەجەم» دېگەن ئەسىرى بار ئىدى. بىز ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغىنى تۈركىيلەر ھەققىدە بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇستۇنلۈكلىرى ھەققىدە يازغان «كىتابۇ مەناقىبى جۇندەل ـ خىلافە ۋەل ـ فەزائىلە ـ ئەتراك» دېگەن ئەسىرىدۇر.

جاھىز تەرىپىدىن قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ تۈركىيلەر ھەققىدىكى توغرا چۈشەنچىلىرىنى يىغىنچاق قىلىپ كۆرسىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان بۇ ئەسەر ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. جاھىز بۇ كىتابىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان «فەزائەل ـ ئەتراك» («تۈركىيلەرنىڭ پەزىلەتلىرى») دېگەن قىسمىنى خەلىپە مۇئتەسىم دەۋرىدە يازغان. لېكىن، بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسىرنى خەلىپىگە تەقدىم قىلالمىغان. مۇئەللىپ كېيىن ئەسىرنىڭ بېشىغا خەلىپىلىك ئارمىيىسىنىڭ تۈرلۈك قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىش مەقسىتىدە يازغان «ماناقىبى جۇندەل ـ خىلافە» (خىلافەت ئارمىيىسىنىڭ مەنقىبەلىرى) دېگەن بىر قىسىمنى ئىلاۋە قىلىپ، ئۇنى ۋەزىر فەتىھ ئىبنى خاقانغا تەقدىم قىلغان. ئەسەرنىڭ نامى قەدىمكى مەنبەلەردە ۋە يازما نۇسخىلىرىدا پەرقلىق شەكىلدە ئۇچرايدۇ. ئاياسوفىيا، داماد ئىبراھىم ۋە پارىژ نۇسخىلىرىدا «فەزائەل ـ ئەتراك»، «رىسالە فى فەدائىلەل ـ ئەتراك» دېگەن شەكىللەردە ئۇچرىسىمۇ، ئامانەت خەزىنىسى نۇسخىسىدا «مەناقىبۇت ـ تۈرك ۋەل ـ ئەممە جۇندەل ـ خىلافە» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان. يەنە باشقا نۇسخىلىرىدا «كىتابۇ مەناقىت جۇندەل ـ خىلافە ۋەل ـ فەزائىلەل ـ ئەتراك» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ شەكىلدە ئاتاش ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، رامازان شەشەن تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، 1988 ـ يىلى تۈرك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۈركچە نۇسخىسىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «خىلافەت ئارمىيىسىنىڭ مەنقىبەلىرى ۋە تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى» دېيىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بۇ ئەسەرنى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە كۆپىنچە «تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى» دېگەن ئىسىم بىلەن

ئاتاش ئومۇملاشقان.

جاھىزنىڭ ئۆزىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ ئەسەرىدە مۇمكىنقەدەر باشقا ئەسكىرىي قىسىملارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەسلىككە ۋە ئۇلارغا قارشى سۆز قىلماسلىققا تىرىشىش بىلەن بىرلىكتە، تۈركىيلەرنىڭ باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تەرەپلىرىنى بىلدۈرۈش ئارزۇسىدا بولغان. مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىدە يەنە مۇمكىنقەدەر تەرەپسىز بىر مەۋقەنى قوللىنىپ، ئۆز قاراشلىرىنى ئىپادە قىلماسلىققا تىرىشقان ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بەزى ۋەقەلەرنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. تۈركىيلەر ھەققىدىكى ھۆكۈمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان. كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا خەلىپىلىك ئارمىيىسىدىكى تۈركىيلەرگە قارشى كۆتۈرۈلگەن دولقۇننى توسۇشقا تىرىشقان ۋە ئارمىيىنىڭ تۈرلۈك قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق كۆرسىتىلگەن. ئىككىنچى قىسمىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بولسا تۈركىيلەرنىڭمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش بەزى كەمچىلىكلىرىنىڭ بولۇشىنىڭ تەبىئىي ئىكەنلىكىنى، مىللەتلەر ۋە ئىنسانلار ھەققىدىكى ھۆكۈمنى ئۇنىڭ ياخشى ياكى يامان خاراكتېرىدىن بىرىنىڭ يەنە بىر تەرەپكە قارىتا كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغانلىقىغا قاراپ چىقىرىش كېرەكلىكىنى، شۇ سەۋەبلىك تۈركىيلەر ھەققىدىكى ھۆكۈمنىڭمۇ ئەينى شەكىلدە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تىلغا ئالىدۇ.

بەزى تەتقىقاتچىلار جاھىزنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ تەرتىپسىز بىر شەكىلدە يېزىلغانلىقىنى، يېزىش جەريانىدا بەلگىلىك بىر ئۇسلۇبنى تەتبىقلىمىغانلىقىنى تىلغا ئالىسىمۇ، لېكىن جاھىز بۇ خىل كىچىك ھەجىمدىكى ئەسەرلىرىدە تېمىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىغان ئەھۋالنى كۆپ سادىر قىلمىغان. بەلكىم كىتابتىكى بۇ تەرتىپسىزلىك ھازىرقى مەۋجۇت نۇسخىسىنىڭ تاللانما بولۇپ، ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنىڭ يوق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

جاھىز كىتابنى خېلىلا قىيىن بىر ئۇسلۇب بىلەن يازغان. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىغا يەرلەشتۈرمەكچى بولغان بەزى پىكىرلەرنى مەنداش سۆز - ئىبارىلەر بىلەن تەكرارلىغان. مۇئەللىپ مەزمۇن ئارىلىقىدىكى مۇۋاپىق كۆرۈلگەن يەرلەرگە يەنە ئەرەب شېئىرلىرىدىن ۋە ماقال - تەمسىللىرىدىن كىتابتىكى پىكىرلەرنى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان بەزى مىساللارنى بەرگەن. بەزىدە ئۆز سۆزلىرىنى ھېكمەتلىك سۆز شەكلىدىمۇ قوللانغان. كىتابنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان ئىككىنچى قىسمىدا ئەرەبلەردىن چىققان ئەل - ھامىد، ئەبۇل - بەتت، ئەل - ھۇنەئى، يەزىد، سۇمامە، ھەيسەم، ئەل - سىند، جەھم، ئەل - فەزىل قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەردىن ئېلىنغان نەقىللەر ئاساسىدا تۈركىيلەرنىڭ پەزىلىتىدىن سۆز ئېچىلغان. بۇ نەقىللەر ئومۇمەن تۈركىيلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، خاراكتېرى، مەنىۋى قىممەتلىرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئەسكىرىي قابىلىيىتى، قەھرىمانلىقلىرى، ۋەتەن چۈشەنچىسى ۋە بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىسى، ئۈستۈنلۈكلىرى ھەققىدە ئىدى، شۇنىڭدەك جاھىزنىڭ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىمۇ يېزىلغان. تۈركىيلەرنىڭ مەنىۋى سالاھىيىتىنى ئاساسىي بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن ۋە ئەرەبلەرگە تۈركىيلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكلىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بۇ ئەسەر شۈبھىسىزكى جاھىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تۈركلۈك سۆيگۈسىنىڭ بىر ئابىدىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

## 3. بۇ ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت

ئەسەبىي ئەرەب مىللەتچىلىكىگە تايانغان ئەمەۋىلەر (ئۇمەۋىيەلەر) دۆلىتى مىلادىيە 750 - يىلى ئەبۇ مۇسلىمنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆپىنچىسى شەرق خەلقلىرى، بولۇپمۇ تۈرك ئەسكەرلىرى ۋە

قوماندانلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇننىڭ ئىسيانى بىلەن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئابباسىيلار خەلىپىلىكى تىكلەنگەن. بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدا تۈركىيلەرنىڭ كۆپ ھەسسىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەبۇ جەئفەر ئەل ـ مەنسۇر (754 ــ 775) دەۋرىدىن باشلاپلا سىياسىي ۋە ھەربىي ساھەلەردە تۈركىيلەرگە يۇقىرى ئورۇن بېرىلىشكە باشلىغان. بۇ دەۋردە تۈركىيلەردىن چىققان ئەڭ مەشھۇر دۆلەت ئادىمى ھەممەدەت ـ تۈركىي ئىدى. مەنسۇر تۈركىيلەرنى دۆلەت ئىشلىرىغا قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بۇنى كېيىنكى خەلىپىلەر ئۈچۈن بىر دۆلەت سىياستى قىلىپ بەلگىلىگەن. مەھدى (775 ــ 785) بولسا تۈركىيلەرنى دۆلەتنىڭ ھەربىي ساھەسىدە يۇقىرى ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن. مۇبارەكەت ـ تۈركىي، تۇلىيائەت ـ تۈركىي ۋە شاكىرەت ـ تۈركىي قاتارلىقلار بۇ دەۋرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلىرى ھېسابلىناتتى. ئابباسىيلارنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى تەشكىل قىلغان ھارۇن ـ رەشىد دەۋرىدە (786 ــ 809) باغدادتىكى تۈركىيلەر ھەربىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە تېخىمۇ پائال بىر كۈچكە ئايلانغان. ھارۇننىڭ ئانىسى ھەيزۇران ھازارلارنىڭ مەلىكىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ تومۇرىدا تۈرك قېنى بار ئىدى. يەنە كېلىپ ھارۇن مېراجىل ۋە مارىدە ئىسىملىك ئىككى تۈرك قىزىغا ئۆيلەنگەن، ئۇلاردىن مەئمۇن ۋە مۇئتەسىم دېگەن ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە تۈركىيلەردىن قۇرۇلغان ئوردا مۇھاپىزەتچى قىسىملىرى ئەرەب ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان بىر كۈچكە ئايلاندۇرۇلغان. تۈركىيلەر ھارۇن ـ رەشىد دەۋرىنىڭ ھەشەمەت ۋە ئۇلۇغلۇقىغىمۇ ۋەكىللىك قىلاتتى. مەئمۇن (813 ــ 833) ۋە مۇئتەسىم (833 ــ 842) دەۋرلىرىدە خەلىپىلىكنىڭ دەرۋازىسى تۈركىيلەرگە كەڭ ئېچىلغان. بۇ چاغدا ھەممەدەت ـ تۈركىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قۇرۇلغان باغداد ھەربىي، سىياسىي ۋە ئىلمىي ساھەدە بىر تۈرك شەھىرىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ مۇئتەسىم دەۋرىدە ھەر خىل يوللاردىن باغدادقا كەلگەن تۈركىيلەرنىڭ سانى 70 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇلاردىن سىياسىيون ۋە قوماندانلاردىن باشقا ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىيات مۇتەخەسسىسلىرى، تەپسىر، ھەدىس، فىقھە ئالىملىرى، فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە پەنلىرىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرى يېتىشىپ چىققان. بولۇپمۇ تۈركىيلەر ئىچىدىكى يۇقىرى نەسەبلىك سۇلى ئائىلىسى خەلىپىلىكنىڭ كۈچىيىشىدە بەكلا مۇھىم رول ئوينىغان. تۈركىيە ئالىمى ھەققى دۇرسۇن يىلدىز مۇتەسىم دەۋرىدە خەلىپىلىك ئارمىيىسىدىكى تۈركىيلەرنىڭ سانىنىڭ 25 مىڭ ئەتراپىدا تەخمىن قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ⑥.

لېكىن، ئۇزۇنغا بارماي باغداد كەينى ـ كەينىدىن كۆچۈپ كەلگەن تۈركىيلەرگە تار كېلىشكە باشلىغان. بۇنىڭ قىيىنچىلىق ۋە ئەندىشە پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان مۇئتەسىم مىسوبۇتامىيە يېڭى بىر تۈرك شەھىرى ساماررانى قۇرغان. بۇ شەھەردىكى ساراي ۋە باشقا مۇھىم چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ ياسىلىشى ۋە بېزىلىشىدە مۇئتەسىمنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك موتىفى ۋە بېزەك سەنئىتى قوللىنىلغان. مۇئتەسىم شەھەرنىڭ ئەڭ گۈزەل يېرىنى تۈركىيلەرگە ئايرىغان، تۈركىيلەر ئولتۇرىدىغان مەھەللىلەر ۋە بىنالارنى باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرگەن. مەخسۇس قانۇن چىقىرىپ تۈرك مەھەللىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قاتتىق قوغدىغان. مۇئتەسىم ئۆزى باش بولۇپ، ئەفشىن، ئەشناس، خاقان، ۋاسىف، ئۇرتۇج، ئىناق ۋە بوغا قاتارلىق تۈرك قوماندانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 20 مىڭ كىشىلىك تۈرك ئاھالىسىنى سەمەررەگە يەرلەشتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن سەمەررە شەھىرى خەلىپىلىكنىڭ پايتەختىگە ئايلانغان، خەلىپىلىكنى ئىدارە قىلىش تىزگىنىمۇ تۈركىيلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتىدىغان بىر نۇقتا باركى، خەلىپە مۇئتەسىم تۈرك نەسلىدىن بولغان ئىنسانلاردىن يېڭى بىر جەمئىيەت تەشكىل قىلماقچى بولغان. ئۇ

تۈركىيلەرنى مۇمكىنقەدەر باشقا خەلقلەر بىلەن ئارىلاشماسلىققا تەۋسىيە قىلغان، ئۇلارنىڭ ئەرەبلەر بىلەن توي قىلىشىنىمۇ مەنئى قىلغان. تۈرك يىگىتلىرىنىڭ يات مىللەتلەردىن ئۆيلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باشقا مەملىكەتلەردىن تۈرك قىزلىرىنى ئەكېلىپ، ئۇلارغا مائاش بېكىتكەن. تۈركىيلەرنىڭ ئائىلىدە، بازاردا، ئارمىيىدە تۈركچە سۆزلىشىنى، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەينەن ۋە ساپ ھالەتتە داۋاملاشتۇرۇشىنى قارار قىلغان. بۇ ئارقىلىق خەلىپىلىكتىكى تۈركىيلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى تېخىمۇ مۇستەقىل بىر سالاھىيەتكە ئېرىشتۈرۈشكە تىرىشقان. مۇئتەسىم سەمەررەنى قۇرۇش، خەلىپە ئارمىيىسىنى تۈركلەشتۈرۈش ۋە خەلىپىلىكتە كۈچلۈك بىر تۈرك جەمئىيىتى پەيدا قىلىش ئارقىلىق تۈركىيلەرگە ئوتتۇرا شەرقنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈنجى دەرۋازىسىنى ئاچقانىدى. شۇڭا، سەمەررە دەۋرى (836 — 892) خەلىپىلىكتە تۈركىيلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك، ئابباسىيلار خەلىپىلىرى ئەبۇ جەئفەر ئەل - مەنسۇردىن ئېتىبارەن تۈركىيلەرنى دۆلەتنىڭ تايانچى ۋە ئاساسىي ئامىلى سۈپىتىدە كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەسەبىيلىككە تولغان ئەرەب مىللىي ئېڭى بۇنى زادىلا قوبۇل قىلالمىغان. بۇنداق چۈشەنچىدىكى بىر تۈركۈم ئەرەبلەر ناھايىتى رەھىمسىزلىك بىلەن تۈركىيلەرنىڭ مىللىي مەۋجۇدلۇقىغا قارشى بىر پىكىر سېپى ئاچقان. ئۇلار ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ بىلەن تىلدا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە تۈركىيلەرنى ھاقارەتلىگەن ۋە ھەجۋىيلەشتۈرگەن. تۈركىيلەرگە قارشى بۇ كەيپىيات مۇئتەسىم دەۋرىدە تېخىمۇ كەسكىنلەشكەن، مۇتەۋەككىل دەۋرىدە (847 — 861) دۈشمەنلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن. مىلادىيە 861 - يىلى تۈرك قوماندانلىرىدىن بوغا - سەغىر، مۇسا ئىبنى بوغا - كەبىر، ھارۇن ئىبنى سۇۋارتېگىن، باغىر - تۈركىي ۋە باغلۇم تۈركىي قاتارلىقلارنىڭ يوشۇرۇن ھالدا ئوردىغا بېسىپ كىرىپ ئەل مۇتەۋەككىلنى ئۆلتۈرۈشى مۇشۇ ئىختىلاپنىڭ بىر بەلگىسى ئىدى. دېمەك، بۇ كۈرەشتە تۈركىيلەر ھەرگىزمۇ تەسلىمىيەتچى بىر پوزىتسىيىدە بولمىغان. تۈركىيلەرنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە شەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن فەتھ ئىبنى خاقان (مۇتەۋەككىلنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولغان فەتھ ئىبنى خاقان تۈرك قوماندانلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ مۇتەۋەككىلنى قوغداپ قالماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك قوماندانلىرى ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولغان) قاتارلىق تۈرك بۈيۈكلىرىمۇ پىكىر كۈرىشىنىڭ ئالدىدا ماڭغانىدى. فەتھ ئىبنى خاقان ئىلىمگە خۇسۇسىي غەرەز ۋە مىللىي خاھىشنى ئارىلاشتۇرمايدىغان جاھىزغا ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنىڭ تۈركىيلەرگە دائىر بىر كىتاب يېزىپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلغان. جاھىزنىڭ «خىلافەت ئارمىيىسىنىڭ مەنقىبەلىرى ۋە تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى» دېگەن كىتابى دەل مۇشۇنداق شارائىتتا ئوتتۇرىغا چىققان.

يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، جاھىزنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسىرى ئىككى باسقۇچتا يېزىلغان. بۇنىڭ بىرى، مۇئەللىپ ئەسىرىگە مەئمۇن دەۋرىدە ماتېرىيال توپلاپ، ئۇنى مۇئتەسىم دەۋرىدە قەلەمگە ئالغان، يەنە بىرى مۇتەۋەككىل دەۋرىدە قايتىدىن تولۇقلىغان. شۇنداق قىلىپ ئەسەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا يېرىم ئەسىر ۋاقىت كەتكەن. خەلىپىلىك ئارمىيىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۈركىيلەردىن قۇرۇش ھەققىدىكى تەشەببۇسلار مەمۇن دەۋرىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان ۋە بۇنىڭ ئاساسىنى يارىتىش ئۈچۈن تۈركىيلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر باغدادقا ئەكېلىنگەن. مەئمۇن بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يەنە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھەربىي ۋە سىياسىي ساھەدىكى ھوقۇقلۇق ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر مەسلىھەتچىلەر ھەيئىتى قۇرغان ۋە بۇ ھەيئەتكە تۈركىيلەرنى سەرخىل ئەسكەر سۈپىتىدە تونۇتقان مىللىي ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۇنىڭ

نەتىجىسىنى ئۆزىگە دوكلات قىلىشنى بۇيرۇغان. نېمە ۋەجىدىنكى، ھەيئەتنىڭ بۇ دوكلاتى جاھىزنىڭ قولىغا چۈشكەن. جاھىز يەنە مەئمۇن بىلەن خوراسانغا قەدەر بارغان ۋە تۈركىيلەر ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ يېڭى ۋە مول ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن.

تۈركىيلەرنىڭ باغدادقا ۋە سەمەررەغا كېلىپ خەلىپىلىك ئارمىيىسىنىڭ ئومۇرتقىسىنى تەشكىل قىلىشى ۋە خەلىپىلىكنىڭ شان - شەرىپىنى قولىدا تۇتۇشى جاھىزنى ناھايىتى ئىمپىتىخارلاندۇرغان. تۈرك ئۇستازلىرى بولغان، ئوردىدا تۈرك قوماندانلىرى ۋە دۆلەت ئادەملىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن، قەھرىمان تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ ساداقىتىنى ۋە ئۇرۇش ماھارىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قايىل بولغان، تۈركىيلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىن سۆيۈنگەن جاھىز ئەرەب مىللىي ئېڭىنىڭ تۈركىيلەرگە دۈشمەنلىك بىلەن تىكىلگەنلىكىگە غەزەپلەنگەن. ئۇ ئەرەبلەردىكى پىتنە ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈش، ئۇلاردىكى ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەتنىڭ يىلتىزىنى ئەقىل ۋە ئىلىمنىڭ كۈچى ئارقىلىق كېسىپ تاشلاپ، ئەرەبلەرنىڭ تۈركىيلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈشىنى ۋە خەلىپىلىكنىڭ تۈركىيلەرنىڭ قولى ئارقىلىق تېخىمۇ يۇكسىلىشىنى مەقسەت قىلىپ مۇئتەسىم دەۋرىدە «تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى» دېگەن كىتابىنى يېزىپ چىققانىدى. لېكىن، بۇ كىتاب شۇ ۋاقىتتا مۇئتەسىمگە تەقدىم قىلىنماي، جاھىزنىڭ ئۆز قولىدا ساقلانغان. جاھىز ئۇنى بۇ قېتىم فەتىھ ئىبنى خاقاننىڭ تەۋسىيىسى بىلەن قايتا ئىشلەپ تولۇقلاپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان. جاھىز بۇ ئابىدە خاراكتېرلىك ئەسىرىدە ھەددىدىن ئاشقان ۋە پىترىراپ ھالسىرىغان ئەرەب ۋە پارس مىللىي ئېڭىغا قارشى چىقىپ، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇنداق يازغان: «ھازىر ئۇلار (تۈركىيلەر - ئا) ئىسلامنىڭ ياردەمچىسى، ھەيۋەت قوشۇنى بولسا خەلىپىنىڭ ھامىيسى، پاناھگاھى، مۇستەھكەم قالقىنى ۋە ئىچكى كىيگەن كۆڭلىكىدۇر. ئۇلار خەلىپىنىڭ ئەڭ يېقىن قوغدىغۇچىلىرىدۇر. ھەدىستە: ‹تۈركلەر سىلەرگە چېقىلمىغۇچە سىلەرمۇ تۈركلەرگە چېقىلماڭلار، ئۇلار بىلەن تىنچ ئۆتۈڭلار› دېيىلگەن. بۇ ھەدىس بارلىق ئەرەبلەرگە پەيغەمبەرنىڭ ۋەسىيىتىدۇر. توغرا بولغان ھەرىكەت تۈركلەر بىلەن بولغان جېدەلنى توختىتىپ ئۇلار بىلەن تىنچ ئۆتۈشمىزدۇر. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۇلارنى: ‹تەرك ئېتىڭلار — ئەترا كۇھۇم› دېيىشى نەتىجىسىدە تۈرك نامىنى ئالغان مىللەتنى قانداق ئويلايسەن. ھالبۇكى ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئۇرۇش ۋە قىلىچ كۈچى بىلەن ھەر تەرەپنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئېيتقان»⑦.

## 4. بۇ ئەسەردىكى تۈركىيلەرنىڭ خاراكتېرىگە دائىر بايانلار

جاھىزنىڭ «تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى» دېگەن بۇ ئەسىرىنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئايرىم بىر ئەسەر سۈپىتىدە ئېلان قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە مىسال سۈپىتىدە بەزى بايانلارنى تىلغا ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. بۇ بايانلار ئەسەرنىڭ تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان تۈركچە نۇسخىسىغا تايانغان ھالدا كۆرسىتىلدى. جاھىز بۇ ئەسىرىدە تۈركىيلەرنىڭ مەنىۋى سالاھىيىتىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

«تۈركلەر دوستلىرىغا ۋە باشقىلارغا خۇشامەتچىلىك، ئالدامچىلىق، مۇناپىقلىق، پىتنە - پاساتچىلىق، ياسالمىلىق، زەھەرخەندىلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، چوڭچىلىق ۋە يامانلىق قىلمايدۇ. ھەر خىل پىكىرلەر ئۇلارنى ئازدۇرالمايدۇ. ھىيلە ئىشلىتىپ باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىۋېلىشنى ھارام دەپ بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلا ئەيىبى ۋە باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتىدىغان تەرىپى ۋەتىنىگە ناھايىتى ئىشتىياق باغلىشى، كەينى - كەينىدىن ئېرىشكەن زەپەرنىڭ خۇشاللىقىنى،

غەنىيمەتنىڭ لەززىتىنى، سەھرادىكى ئۆيۈنلىرىنى، يايلاقتىكى ساياھىتىنى ئويلايدىغانلىقى ۋە ئۇزۇن ۋاقىت بىكار يۈرۈپ باتۇرلۇقىنىڭ تۆگىشىپ كېتىشىدىن، ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەنۋى كۈچىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن، تۈرلۈك مەملىكەتلەرنى كېزىپ يۈرۈشكە بەكلا ئامراقلىقى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭغا مەپتۇنلۇقىدۇر»[8]. ئۇ جۇنەيدىنىڭ تۈرك ھۆكۈمدارى خاقاننى تەسۋىرلىگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازغان: «بۇ تۈركتىنمۇ ۋاپادار، ئىنساپلىق، ئاقىلىق ۋە ئەقىللىق ئىنسانىنى كۆرمىدىم»[9]. سۇمامەنىڭ دىگەنلىرىگە ئاساسەن مۇنداق يازغان: «ئۇلارنىڭ ئېلىدە بىر مەزگىل ئەسىرلىكتە ياشىدىم. ئۇلاردەك ئىنسانلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان مىللەتنى كۆرمىدىم»[10]. جاھىز تۈركمىلەرنىڭ ئۇرۇشتىن باشقا ھەرقانداق ئىشتا ھىيلە ئىشلەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە تۈرك ھۆكۈمدارى خاقاننىڭ خوراسان ۋالىيسى جۇنەيدكە ئېيتقان سۆزىدىن بىر نەقىل ئېلىپ مۇنداق يازغان: «بىز ئىشتا ھىيلە ئىشلەتمەيدىغان بىر مىللەتمىز. ھىيلىنى پەقەت ئۇرۇشقىلا خاس دەپ قارايمىز. ئەگەر ئۇرۇش ھىيلىسىز بولىدىغان بولسا ئۇرۇشتا ھىيلە ئىشلىتىشنى گۇناھ دەپ بىلەتتۇق»[11].

جاھىز تۈركمىلەرنىڭ ھەرىكەتچان ۋە ئالغا ئىنتىلىدىغان مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق يازغان: «تۈركلەر باشقا جايدا يەرلىشىپ قېلىشنى، بىر يەردە كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈشنى ياكى ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قېلىشنى، بىكار يۈرۈش، كۆپ ھەرىكەت قىلماسلىق ۋە ئازغىنە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى بەكلا ھار ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ھەرىكەتنى ئاساس قىلغان. بىكار تۇرۇشنى ئەيىب بىلىدۇ. روھىي قۇۋۋىتى جىسمانىي قۇۋۋىتىدىن كۈچلۈك. ئۇلار قىزغىن، جۇشقۇن ۋە ئاقىلىق بولۇپ، خاتىرىسى ياخشى، نەزىرى ئۆتكۈر ئىنسانلاردۇر. ئۇلار قىسچىلىقتا ئۆتۈشنى ئاجىزلىق، ئۇزۇن ۋاقىت بىر يەردە تۇرۇپ قېلىشنى ئەخمەقلىق، راھەتلىكنى تۇسالغۇ، قانائەتچانلىقنى جۈرئەتسىزلىك ۋە ئۇرۇشتىن قول ئۈزگەنلەرنى خورلۇقتا قالىدۇ دەپ قارايدۇ.»[12]

جاھىز تۈركمىلەرنىڭ ئاتلىق مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئاتچىلىقتىكى ماھارەت ۋە بىلىملىرىنىڭ ناھايىتى يۇكسەكلىكى ھەم تۈركلەرنىڭ پاراسەتلىك مىللەت ئىكەنلىكىدىن سۆز ئاچقان. بۇ ھەقتە ئۇ ھۇمەيدىنىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ مۇنداق يازىدۇ: «خاۋارىجلارنىڭ ئېتى تۈركلەرنىڭ ئېتىدەك چىدامىلىق ئەمەس. تۈركلەر ئات داۋالاشتا ئات دوختۇرىدىنمۇ ئۇستا، ئېتىنى خالىغانچە تەربىيىلەشتە ئات باقاردىنمۇ تەجرىبىلىك. ئېتىنى تاي ۋاقتىدىلا تەربىيىلەشكە باشلاپ، ئۆزى يېتىشتۈرىدۇ. ئېتىنىڭ ئىسمىنى چاقىرسا، ئېتى كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ ... تۈركنىڭ ئۆمرىدىكى كۈنلىرىنى يىغسا ئات ئۈستىدە ئۆتكەن كۈنلىرى يەرنىڭ ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىدىن كۆپ. تۈركلەر ئايغىرغا مىنىپ غازاتقا، سەپەرگە، ئوۋغا چىققاندا ۋە باشقا ھەرقانداق بىر مەقسەتتە يۈرتىدىن ئايرىلغاندا بايتال ۋە ئايغىرلىرى كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئۇلار ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلايدۇ. بۇنىڭغا ئىمكان تاپالماي، ئوزۇققا موھتاج بولسا ئاتنىڭ قېنىنى ئىچىدۇ، ئۇسساپ كەتسە بايتالنى سېغىپ ئىچىدۇ. ئاستىدىكى ئاتنى دەم ئالدۇرماقچى بولسا يەرگە چۈشمەيلا يەنە بىر ئاتقا ئالمىشىدۇ. دۇنيادا پەقەت تۈركلەردىن باشقا گۆش يەيدىغان ھەرقانداق مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەيىب ـ نۇقسانلار بار. تۈركلەرنىڭ ئېتى قومۇش يىلتىزى، ئوت ـ چۆپ، شاخ ـ شۇمبىلارنى يەيدۇ. تۈركلەر ئېتىنى سايىداتمايدۇ ۋە سوغۇقتىن قوغدىمايدۇ ... تېز يۈرۈشكە بەرداشلىق بېرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، چېگرادىكى ئەسكەرلەرنىڭ، پوچتا ئاتلىرىنىڭ، خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە خاۋارىجلارنىڭ كۈچلىرىنى پەقەت بىرلا ئادەمگە توپلىغاندىمۇ بۇ كۈچ ئاددىيغىنا بىر تۈركنىڭ كۈچىگە تەڭ كەلمەيدۇ. تۈركنىڭ ماجالى قالمىغاندا بوغۇزلىغان، غازات مەزگىلىدە مىنىشكە بولمايدۇ دەپ قارىغان ئاتلىرىغىمۇ توخارىستاننىڭ ھېچقانداق بىر ئېتى تەڭ كېلەلمەيدۇ. خاۋارىجلار بىلەن بىرلىكتە يولغا چىققاندا، خاۋارىجلار قەدەمنى

تېزلەتكۈچە تۈركلەر ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈشكە باشلايدۇ. تۈركلەر ھەم چوپان، ھەم ئات باقار، ھەم جانباز، ھەم ئات دوختۇرى ھەم ئاتلىق ئەسكەردۇر. قىسقىسى، بىر تۈرك ئۆز ئالدىغا بىر مىللەتتۇر»[13]. يەزىد ئىبن مازيادنىڭ سۆزىدىن ئېلىنغان نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن: «تۈركنىڭ ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسا ئېغىرلىقى، يەردە ماڭسا ئاياغ تېۋىشى يوقتۇر. بىزدىن بىر ئاتلىق ئەسكەر ئالدىدا تۇرغان نەرسىنى كۆرمىسە، تۈرك كەينىدە تۇرغان نەرسىنى كۆرەلەيدۇ. تۈرك بىزدىن چىققان بىر ئەسكەرنى ئوۋغا، ئۆزىنى قاپلانغا، ئاتلىق ئەسكەرنى بۆغىغا، ئۆزىنى ئوۋ ئىتىغا ئوخشىتىدۇ. ئاللاھ نامىدىن قەسەم قىلىمەنكى، تۈركنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ قۇدۇققا تاشلىۋېتىلسىمۇ، چوقۇم بىر چارىسىنى تېپىپ قۇتۇلۇپ چىقىدۇ»[14].

جاھىز تۈركىيلەرنىڭ ۋەتەن ھېسسىياتىنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، تۈركىيلەرنىڭ ۋەتىنىنىڭ سۇ ۋە تۇپرىقىنىڭ ئۇلارغا تۈركلۈك خۇسۇسىيىتىنى بېغىشلىغانلىقىنى ھەتتا ھايۋانلىرىدىمۇ تۈركلۈك ئالاھىدىلىكىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق يازغان: «ۋەتەن ھېسسىياتى بارلىق ئىنسانلارغا ۋە يۇقتۇرغۇچى ئەللەرگە ئورتاق بىر خۇسۇسىيەت بولسىمۇ، ئۆزئارا ئوخشاشلىق، ئويغۇنلۇق، شۇنىڭدەك تەن تۈزۈلۈش ۋە ۋۇجۇدىدىكى تەركىبىنىڭ بىر خىل بولۇشى سەۋەبىدىن بۇ ھېسسىيات تۈركلەردە باشقا مىللەتلەردىن تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە چوڭقۇردۇر»[15]. «ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋە تەبىئىتىدە باشقا مىللەتلەردە كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆز مەملىكىتىگە ئۆز تۇپرىقىغا دائىر خۇسۇسىيەتلەر، ۋەتىنىگە تارتىشىدىغان سەزگۈرلۈكلەر ۋە باشقا يۇرتداشلىرى بىلەن بولغان ئوخشاشلىقلار بار. بىر بەسرەلىكنى كۆرسەڭ، ئۇ بەسرەلىكمۇ ياكى كۇفەلىكمۇ؟ بۇنى بىلمەيسەن، مەككىلىك بىرىنى كۆرگەندە، ئۇ مەككىلىكمۇ ياكى مەدىنەلىكمۇ؟ بۇنى پەرق ئېتەلمەيسەن... لېكىن تۈركلەرنى پەرق ئېتىشتە خاتالاشمايسەن. ئۇلارنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ قىياپەت ئىلمىگە ۋە پاراسەتكە تايىنىشقا، باشقىلاردىن سوراشقا مەجبۇر بولمايسەن. تۈركلەرنىڭ ئاياللىرىمۇ ئەرلىرىگە ئوخشايدۇ، ھايۋانلىرىنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش تۈرك خۇسۇسىيىتى بار. ئاللاھ بۇ مەملىكەتنى مۇشۇنداق ياراتقان، ئۇلارغا بۇ خۇسۇسىيەتنى بەرگەن. دۇنياغا ئائىت ئالاھىدىلىكلەرنى ۋە يېتىشتۈرۈش قابىلىيىتىنى ئۇلارغا ئىنتايىن كۆپ بەرگەن»[16]. جاھىز باشقا ئەسەرلىرىنىڭ بەزى يەرلىرىدىمۇ بۇ ھەقتە سۆز ئاچقان. «كىتابۇل - ھەيۋان»دا: «تۈرك مەملىكەتلىرىدە تۆگە، ئات قاتارلىق چارۋىلارنىڭ ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئايرىم شەكىل ئالغانلىقىنى كۆرسەن» دېيىلسە، «كىتابۇل - بىغال»دا: «بىز تۈرك مەملىكەتلىرىدىكى ھەر نەرسىنىڭ تۈركچى ئىكەنلىكىنى كۆردۇق» دېيىلىدۇ[17].

جاھىز تۈركىيلەرنىڭ ئۆز قەدرىنى بەك قوغدايدىغانلىقىنى، قەدىرسىز ياشىغاندىن كۆرە ئىختىيارى، ھۆر ياشاشنى ئەۋزەل بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەرنىڭ ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىشىنىڭ ۋە ۋەتىنىگە بولغان ئىشتىياقىنىڭ سەۋەبلىرى دەل مۇشۇدۇر. ئۇلارنى قېچىشقا زورلىغان، مەملىكىتىگە كېتىشكە ئۈندىگەن، بىر يەردە داۋاملىق تۇرۇپ قېلىشتىن توسقان باشقا بىر ئامىل بېشىدىكى قوماندانىنىڭ ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلمەسلىكى، ئەھمىيىتىنى چۈشىنەلمەسلىكى، ئۇلارغا پايدىلىق بولۇشنى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى بىلمەسلىكىدۇر. قوماندانلىرى ئۇلارنى ئەسكەرلەرنىڭ نەمۇنىسى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن چەتتە تۇرۇشقا، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ۋە باشقا ئەسكەرلەر بىلەن بىر قاتاردا قېلىشقا رازى بولمايدۇ. ئۇلار بۇنى قوماندانلىرىغا چۈشەندۈرۈپ بولالمىسا، ئۆزىگە تېگىشلىك ھەققىنى ئويلايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ھەقسىزلىككە لايىق ئەمەسلىكىنى، چۈشكۈنلۈكنىڭ ئۆزلىرىگە ياراشمايدىغانلىقىنى ۋە قەدرىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرۇشنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرۇشتىنمۇ يامان ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. لېكىن، ھەكىم ۋە ئىنسانلارنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان، يامان ئادەتلەرگە ھەۋەس قىلمايدىغان، ئارزۇسىغا ماس كەلمىگەن

بىر دۆلەتنى باشقا بىر دۆلەتتىن قوغدىمايدىغان، ھاكىمىيەت ئىمىنى شەرت قىلسا، شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان، زاپاس كۈچ ئىمىنى زۆرۈر قىلسا شۇنى قىلىدىغان، ئادەتنى بىر چەتكە قايرىپ ھەقىقەتنى ھىمايە قىلىدىغان بىر ھۆكۈمدارغا ۋەتىنىدىن ئايرىلغىنىغا قارىماي روھىنى ئارمىنىغا يەتكۈزىدىغان، ئىختىيارىي، ھۆر ياشاشنى بىر يەرگە يەرلىشىپ ياشاشتىن ئەۋزەل بىلىدىغان، ھەقىقەتنى دوستتىن ئۈستۈن تۇتىدىغان ئىنسانلارغا ئوخشاش شۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالىدۇ»⑱.

جاھىز ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم بىر ساھەسىدە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماڭغانلىقىنى، تۈركىيلەرنىڭ بولسا ھەربىيلىكتە ھەممە مىللەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنىڭمۇ ھەربىيلىككە ئۇيغۇن يارىتىلغانلىقىنى، بارلىق زوقىنى ئۇرۇشتىن ئالىدىغانلىقىنى ھەتتا ئۆز ئارا قىلىشىدىغان پاراڭلىرىنىڭمۇ ئۇرۇش ھەققىدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق يازغان: «ھەرقانداق بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ياكى سەنئەت ماھارىتىدە، ياكى نۇتۇق، ئەدەبىيات ۋە ھېكمەتتە ۋە ياكى سىياسەت ۋە ھەربىيلىكتە باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن... ئارزۇلىرى چېچىلاڭغۇ، پىكىرلىرى مالىماتاڭ، كاللىسى ھەر خىل نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، مەسىلىكى ھەققىدە تەييارلىقى يوق مىللەتلەر بۇ ئىمىلارنىڭ ھېچبىرىدە چىنلىقلارنىڭ سەنئىتىدە، يۇنانلىقلارنىڭ پەلسەپە بىلەن ھېكمەتتە، ئەرەبلەرنىڭ تۆۋەندە بىز تىلغا ئالىدىغان خۇسۇسلاردا، ساسانىيلارنىڭ سىياسەتتە، تۈركلەرنىڭ ھەربىيلىكتە كۆرسەتكەن ماھارىتىدەك تولۇق ۋە مۇكەممەل ماھارەت كۆرسىتەلمىگەن... تۈركلەر سەنئەت، تىجارەت، تېبابەت، دېھقانچىلىق، گېئومېتىرىيە، باغۋەنچىلىك، دەرەخ تىكىش، بىنا سېلىش، قانال قېزىش ۋە مال تۇپلاش بىلەن مەشغۇل بولمىدى. پەقەت غازات، ئوۋچىلىق، ئات مىنىش، قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىش، غەنىيمەتكە ئېرىشىش ۋە تۈرلۈك مەملىكەتلەرنى تونۇش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىدىن ۋە تەبىئىتىمۇ بۇنىڭغا ماس كەلگەنلىكىدىن بۇنى ناھايىتى مۇستەھكەملىدى. بۇ خۇسۇستا ئەڭ يۇكسەك دەرىجىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ سەنئىتى، تىجارىتى، زوقى، ئىپتىخارى ۋە كېچە - كۈندۈز قىلىشىدىغان سۆزلىرى ھەربىيلىكتىن ئىبارەتتۇر»⑲. جاھىز تۈركىيلەرنىڭ ئاتلىق ئۇرۇش سەنئىتى ھەققىدە ھۇمەيدنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلار ھۇجۇم مەزگىلىدە نەيزىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىدۇ. تۈركلەرمۇ خاۋارىجلارغا ئوخشاش، ھەتتا ئۇلارنىڭكىدىنمۇ ياخشى نەيزە قوللىنىدۇ. ھۇجۇم مەزگىلىدە ئۇلاردىن مىڭ ئاتلىق ئەسكەر مىڭ ئاتلىق دۈشمەنگە ئوق ئاتسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەر چىشلىتىدۇ. بۇ خىل ھۇجۇمغا ھېچقانداق قوشۇن قارشى تۇرالمايدۇ. يەنە كېلىپ خاۋارىجلارنىڭ ۋە چۆل ئەرەبلىرىنىڭ ئاتنىڭ ئۈستىدە تىلغا ئالغۇدەك ئېتىش ماھارىتى يوق... تۈرك چارۋىسىنى تېز سۈرۈپ كېتىۋېتىپمۇ ئالدى - ئارقىسىغا، ئوڭ - سولىغا ۋە يۇقىرى - تۆۋەنگە ئوق ئاتىدۇ. خاۋارىج ياسىغا بىر تال ئوق قويغۇچە تۈرك ئون تال ئوق ئېتىپ بولىدۇ. تۈرك تاغدىن چۈشۈۋاتقان ياكى چوڭقۇر بىر جىرانىڭ ئىچىگە كىرىۋاتقاندىمۇ ئېتىنى خاۋارىجنىڭ تۈز يەردە ئات سۈرگىنىدىنمۇ تېزرەك چاپتۇرىدۇ... ئوقنى ئارقىسىدىكى ئادەمگە ئالدىدا تۇرغان ئادەمگە دەل تەگكۈزىدۇ. شۇنچە تېز چېپىپ كېتىۋاتسىمۇ، سالما تاشلاپ دۈشمەن ئېتىنى يەرگە يىقىتىشتىن ۋە ئاتلىق ئەسكەرنىڭ گەجگىسىدىن ئېلىشتىن غەم قىلمايدۇ. تۈركلەر ئەسكەرلىرىنى ئىككى - ئۈچتىن يا ۋە كىرىچ ئېلىپ مېڭىشقا ئادەتلەندۈرگەن. تۈركلەر ھۇجۇمغا ئۆتكەندە قورال، ئات، ئات جابدۇقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئەسكەرلەر ئۆزى ھازىرلايدۇ. ئۇلار تېز يۈرۈشتە، دائىملىق سەپەردە، ئۇزۇنغا سوزۇلغان كېچىلىك ھۇجۇملاردا ۋە مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىشتا كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ... دۇنيادا تۈركلەردىن باشقىلارنىڭ نۆۋەتلىشىپ ھۇجۇم قىلىشى ۋە ئورتاق قوماندانلىق قىلىشى زىيانلىقتۇر. يەنە كېلىپ تۈركلەر نۆۋەتلىشىپ ھۇجۇم قىلمايدۇ، قوماندانلىقتىمۇ ئورتاقلىشىپ ھەرىكەت قىلمايدۇ. ئۇرۇشتا

نۆۋەتلىشىشىنىڭ، قوماندانلىقتىكى ئورتاق ھەرىكەت قىلىشىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغان تەرىپى بولسا پىكىر ئىختىلاپى، زىددىيەت، ھەسەت، ئورتاقلاشقان شېرىكلەرنىڭ ئىشىنى بىر - بىرىگە ھاۋالە قىلىشىدەك خەۋپنى پەيدا قىلىشتۇر. تۇركلەر بىر قوشۇنغا قارشى سەپ تۈزگەندە، دۈشمەن قوشۇنىدا بىر كەمچىلىك كۆرۈلسە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنى دەرھال بايقىيالايدۇ. ئەگەر كەمچىلىك بولمىسا، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشىش مۇمكىن بولمىسا ۋە ھۇجۇمدىن ۋاز كېچىش مۇناسىپ بولسا ھەممىسى ئوخشاش بىر قاراشقا كېلىدۇ. ئەڭ ئۇيغۇن ھەرىكەتنىڭ چېكىنىش ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھۇجۇم قىلغاندا قاراشلىرى ۋە ئارزۇلىرى بىر يەردىن چىقىدۇ. تۇركلەر ھەر خىل پىكىر، ماختىنىش ۋە شېئىر ئوقۇپ يۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىلەر ئەمەس. ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرى ھاياتىنى ساغلام چۈشەنچىگە ئېرىشتۈرگەچكە، ئۆزئارا ئىختىلاپ يوق»[20]. «ئۇرۇشتا تاللاش ھوقۇقى تۈركلەرنىڭ قولىدا. ئۇلار قاچسا جازالىنىشتىن قورقمايدۇ، تۆھپە ياراتسا مۇكاپات كۈتمەيدۇ، تۈركلەر ئۆز مەملىكىتىدە، بۇلاڭ - تالاڭدا ۋە ئۇرۇشلاردا ھەمىشە مۇشۇنداق. باشقىلار ئۇلارنى قوغلاپ يېتەلمەيدۇ، ئۇلار باشقىلارنى قوغلاپ تۇتۇۋالىدۇ. بۇ ئەھۋالدىكى كىشىلەر ئۇرۇشتا نورمال غەيرەت كۆرسىتىدۇ، پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلمايدۇ. تۈركلەرگە ھېچقانداق كۈچ قارشى تۇرالمايدۇ. ھېچكىم ئۇنى بىر چىشلەم لوق گۆشنىڭ ئورنىدا يۇتۇۋېتەلمەيدۇ»[21]. «ئەرەب ئارمىيىسىنىڭ يۈرىكىنى تۈركلەردەك تىترەتكىنى يوق»[22]. «تۈركلەر باشقا ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە سەپەرگە چىقسا، باشقىلار 10 مېل ماڭغۇچە تۈركلەر ئەتراپىدىكىلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ 20 مېل يول بېسىپ بولىدۇ»[23]. تۈركىيلەرنىڭ ھەربىي يۈرۈشتە تېز سۈرئەتتە كېتىۋېتىپ ئالدىدىكى ۋە ئارقىدىكى نىشانلارنى شۇنچە توغرا قارىغا ئالىدىغان ماھارىتىگە ھەيران قالغان جاھىز بۇنى «تۈركىنىڭ تۆت كۆزى بار. بۇنىڭ ئىككىسى يۈزىدە، ئىككىسى كەينىدە»[24] دەپ سۈپەتلىگەنىدى.

جاھىزنىڭ «تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى» دېگەن كىتابىدا تۈركىيلەرنىڭ ھەربىي ئۈستۈنلۈكلىرىنى تونۇتۇشقا ئائىت مەزمۇنلارغا كۆپ ئورۇن بېرىلگەن، تۈركىيلەردە ھەربىيلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەبلەرمۇ تەھلىل قىلىنغان ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان: «دۇنيادا ھەربىر يۇنانلىق پەيلاسوپ ۋە ئالىم، ھەربىر چىنلىق سەنئەتكار، ھەربىر بەدەۋىي شائىر ۋە قىياپەتشۇناس بولمىغىنىدەك، ھەربىر تۈركمۇ خاراكتېرلەندۈرگىنىمىزدەك ئەمەس، لېكىن تىلغا ئېلىنىۋاتقان بۇ خۇسۇسلار بۇ مىللەتلەردە تېخىمۇ ئومۇمىي، تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ ئۈستۈن ۋە تېخىمۇ ئېنىقتۇر. باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىق ھالدا تۈركلەردە قەھرىمانلىقنىڭ، مۇمكىنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەبلەردىن ۋە نېمە ئۈچۈن ھەربىيلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسلارنىڭ ئۇلارغا مەركەزلەشكەنلىكىدىن سۆز ئاچتۇق. بۇلار شۇنداق خۇسۇسلاركى، بۇ ناھايىتى نادىر پىكىرلەرنى، ناھايىتى قىممەتلىك خۇسۇسىيەتلەرنى شەرت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىر قىسمى يېتەكچىنىڭ مەرت، كۈچلۈك، غەيرەتلىك ۋە مۇكەممەل ئىنسانغا ئايلىنىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان كىشى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر قىسمى بولسا توغرا ھەرىكەتنى، يۈكسەك پىكىرنى، ئېنىق چۈشەنچىنى، چوڭقۇر قاراشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەربىيلىك بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىنىڭ ئاڭلىق، بىلىملىك، ئېھتىياتچان، غەيرەتلىك، تاقەتلىك، سىر ساقلايدىغان، مەدەنىيەتلىك، ھوشيار ۋە تەجرىبىلىك بىر ئادەم بولۇشىنى، ئات مىنىش ۋە قورال ئىشلىتىشنى بىلىشنى، ئىنسانلارنى ۋە مەملىكەتلەرنى تەتقىق قىلغان، ماكان ۋە زامانىنى، ھىيلىنى ۋە بارلىق ئىشلارنىڭ نېمىگە باغلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەكلىكىنى شەرت قىلىدۇ»[25]. جاھىزنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، تۈركىيلەر ئۆز ۋەتىنىدىمۇ دائىم ئۇرۇشقا تەييار ھالەتتە تۇراتتى. قىلغان ئۇرۇشلىرى دىن ياكى مەزھەپ ئۈچۈن ئەمەس، ھۆرىيەت ۋە ئىستىقبالىنى قوغداش ۋە غەنىيمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى. تۈركىيلەر ئىرادە ۋە ھۆرىيىتىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇشنى

خالىمايتتى. جاھىز «كىتابۇل ـ بىغال» دېگەن ئەسىرىدە مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن سۆز ئاچقان ۋە مۇنداق يازغان: «تۈركلەر زىندىقلىق دىنى ــ مانى دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇرۇشلاردا مەغلۇب بولۇشقا باشلىدى. تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەھرىمان قەبىلىلىرىدىن بولغان توققۇز ئوغۇزلار (ئۇيغۇرلار ــ ئا) بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. ھالبۇكى، توققۇز ئوغۇزلار قارلۇق تۈركلىرىدىن سان جەھەتتە نەچچە ھەسسە ئاز بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى ئۇرۇشتا دائىم مەغلۇب قىلاتتى. نە زامان زىندىقلىق دىنىغا كىرىشكە باشلىدى، بۇ دىن ئىنسانلارنى دۇنيادىن قول ئۈزۈش ۋە مۇلايىملىققا دەۋەت قىلىشتا خرىستىئان دىنىدىن نەچچە ھەسسە يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەرنىڭ قەھرىمانلىق ۋە جاسارەت تۇيغۇلىرىنى يوقىتىپ، ئۇلارنى تارتىنچاق قىلىپ قويدى.» دېمەك، ئەسەرلىرىدە تۈركىيلەرنى بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە نەزەرگە ئالغان جاھىز ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنىڭ تەسىرىدە ھەربىي ئىقتىدار جەھەتتىن چېكىنگەنلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان.

جاھىز تۈركىيلەرنىڭ غەيرەتلىك، شىجائەتلىك، چىداملىق ۋە قورقماس مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزۈنىغا سوزۇلغان يۈرۈشلەر، كېچىلىك ھەرىكەتلەر، ئاچلىق، قاتتىق سوغۇق، پىژ ـ پىژ ئىسسىق دەستىدىن باشقا ئەسكەرلەر ھېرىپ ماجالى قالمىغاندا، تۈركلەرنىڭ قىلچىمۇ بوشاشماي، خۇددى ھارغىنلىق ۋە ئازابىنىڭ دەردىنى تارتمىغان ئادەمدەك باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولالايدىغانلىقىنى ۋە سەپەرلەردە خەتەرلىك يەرلەرگە دۈچ كەلسىمۇ، يولنى ئۆزگەرتمەي ئۇ يەردىن ئەپلىك بىر چارە بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازغان: «ئۇلار (باشقا مىللەت ئەسكەرلىرى ــ ئا) قونالغۇسىغا ئۇلاشقاندا خەتنىسى قىلىنغان باللاردەك پاچاقلىرىنى كېرىپ ئاران مېڭىپ، كېسەل كىشىدەك ئىڭراپ، ئەسنەپ، كېرىلىپ، يانپاشلاپ يېتىپ ھاردۇق چىقىرىۋاتقاندا، بۇ ئەسكەرلەردىن نەچچە ھەسسە كۆپ يول يۈرگەن ۋە نۇرغۇن ئوق ئېتىپ بىلىكى تالغان بولسىمۇ، قونالغۇنىڭ يېنىدا بىر ياۋا ئېشەك ياكى بىر بۆغىنى ئۇچراتقان، ئالدىغا بىر تۈلكە ياكى توشقان چىققان تۈرك ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك نىشانغا قاراپ تېز چېپىشقا باشلايدۇ. كىشىلەر بىر ئېقىندىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ كېچىكنى ياكى كۆۋرۈكنى ئىزدىسە، تۈرك ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، كېيىن باشقا بىر تەرەپتىن پارلاپ تۇرغان يۇلتۇزدەكلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كىشىلەر خەتەرلىك بىر چوققىغا دۈچ كەلگەندە باشقىلار يولنى بويلاپ ئىلگىرىلىسە، تۈرك يولنى تاشلاپ چوققىغا قاراپ يامىشىدۇ. كېيىن تاغ ئۆچكىسىمۇ چۈشەلمەيدىغان يەرلەردىن پەسكە قاراپ سىيرىلىپ چۈشىدۇ»㉖.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاپتور بۇ ئەسەرنى شۇ دەۋردىكى مۇشاھىدلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئۆزىنىڭ كۆزىتىشى ئاساسىدا يازغان. جاھىز ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى ۋە ئىلىم چۈشەنچىسى بويىچە يامانلىقتىن سۆز ئېچىشتىن يىراق تۇرۇشنى پرىنسىپ قىلغاچقا، بۇ ئەسىرىدە پەقەت تۈركىيلەرگە ئومۇمىي بولغان ۋە باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن بىر خىل ئۈستۈنلۈك ھېسابلانغان خاراكتېرلەرنى يورۇتۇشقا تىرىشقان. ئۇ بۇ كىتابىدىكى مەلۇماتلارنىڭ توغرا ياكى خاتا يېزىلغان بولۇشىنىڭ مۇئەللىپىنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەس، بەلكى ئېرىشكەن بىلىمىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ مۇنداق يازغان: «بۇ ئەسەردە بارلىق سىنىپلارنىڭ مەنقىبەلىرى ھەققىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلاردىن ئېرىشكەن بىلىمىمىز دائىرىسىدە سۆز ئاچتۇق. ئەگەر يازغانلىرىمىز ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولسا بۇ ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلغانلىقىدىندۇر. ئەگەر كەمچىلىكلىرىمىز بولسا بۇ بىلىمىمىزنىڭ ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىدىندۇر، نىيىتىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى، كۆڭلىمىزدىكى سەمىمىيەتنى ئىپادىلىدۇق ۋە خەلىپىنىڭ ئارزۇلىرىنى

ئەملگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن قولىمىزدىن كەلگەننى قىلدۇق. بىر نەرسىنى سەل چاغلاپ قولغا كەلگەن پۇرسەتنى قاچۇرۇپ، خاتالىق سادىر قىلىش بىلەن ئاجىزلىق ۋە جاسارەتنىڭ تۆۋەنلىكى تۇپەيلىدىن خاتالىق سادىر قىلىش ئوتتۇرىسىدا پەرق بار»㉗. بۇنىڭدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئىلمىدىكى تەرەپسىزلىك ۋە ئۆزى تەتقىق قىلماقچى بولغان ئوبيېكتقا مۇھەببەت باغلاش ۋە ھەر مەسىلىنى بىلىمنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈش جاھىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئىلمىي پرىنسىپى ئىدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىلغار بىر ئىلىم مېتودى ۋە پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئىلغار ئىلىم مېتودى ۋە پەزىلەت جاھىزنى تارىختا تۈركىيلەرگە دائىر ئەسەر يازغان ئالىملار ئىچىدە شەرەپلىك بىر ئورۇنغا ئىگە قىلدى ۋە شۇ دەۋردىكى بۈيۈك بىر تۈركولوگقا ئايلاندۇردى.

جاھىزنىڭ تەرەپسىز ئىلىم چۈشەنچىسى ۋە تۈركلۈك سۆيگۈسىدىن بارلىققا كەلگەن بۇ ئەسىرى تۈركىيلەرنىڭ مەنىۋىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئورخۇن ئابىدىلىرى ۋە «دىۋانۇلۇغاتىت ـ تۈرك» بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان قىممەتلىك بىر ئەسەردۇر. تۈركولوگىيە تەتقىقاتىغا نۇر بېرىۋاتقان بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر ۋاقىت تۈركىيلەرنىڭ روھىنى سۇغىرىدۇ ۋە ۋۇجۇدىغا كۈچ بېرىدۇ.

مەنبەلەر:

① زەكەرىيا كىتابچى: «خىلافەت مەملىكىتىدە تۈركلەرنىڭ ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا قىلغان خىزمىتى»، تۈركچە، 167 ـ بەت؛ 2004 ـ يىلى، كونيا، سەبات ئوفسېت مەتبەئەچىلىكى.

② http//www.google.com تور بېتىدىكى «جاھىز» ماددىسىدىن ئېلىندى.

③ ئەبۇ ئوسمان ئەمىر ئىبنى بەھرۇل ـ جاھىز: «خىلافەت ئارمىيىسىنىڭ مەنقىبەلىرى ۋە تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى»، تۈركچە، 20 ـ بەت، 1988 ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈرك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى نەشرىياتى.

④ جاھىز يۇقىرىقى ئەسەر، 20 ـ بەت.

⑤ جاھىز يۇقىرىقى ئەسەر، 21 ـ بەت.

⑥ ھەققى دۇرسۇن يىلدىز: «ئىسلامىيەت ۋە تۈركلەر»، تۈركچە، 108 ـ بەت، 2000 ـ يىلى، ئىستانبۇل، كامەر نەشرىياتى.

⑦ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 87 ـ بەت.

⑧ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 77 ـ بەت.

⑨ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 89 ـ بەت.

⑩ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 89 ـ بەت.

⑪ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 87 ـ بەت.

⑫ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 79 ـ بەت.

⑬ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 68 ـ بەت.

⑭ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 74 ـ بەت.

⑮ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 78 ـ بەت.

⑯ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 77 ـ بەت.

⑰ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 77 ـ بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ ئىزاھاتى.

⑱ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 80 ـ بەت.

⑲ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 80 ـ، 82 ـ بەتلەر.

⑳ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 67 ـ، 21 ـ بەتلەر.

㉑ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 70 ـ بەت.

㉒ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 86 ـ بەت.

㉓ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 68 ـ بەت.

㉔ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 67 ـ بەت.

㉕ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 83 ـ بەت.

㉖ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 69 ـ بەت.

㉗ جاھىز: يۇقىرىقى ئەسەر، 93 ـ بەت. زەكەرىيا كىتابچى: «خىلافەت مەملىكىتىدە تۈركلەرنىڭ ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا قىلغان خىزمىتى»، 205 ـ بەت.

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

قۇربانجان ئابدۇقادىر، ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

# كېيىنكى دەۋر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە بۇ دەۋردە شىنجاڭ رايونىدا مەيدانغا كەلگەن نەمۇنىلەر توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

## 1. كېيىنكى دەۋر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرى 17 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 300 يىللىق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئۈچۈن ھەرقايسى جەھەتلەردىن بىر بۇرۇلۇش دەۋرى بولۇپ، «17 ــ 19 ـ ئەسىرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۈچۈن يالغۇز سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىلا ئەمەس، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىنمۇ بىر چېكىنىش دەۋرى بولدى.» ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىمۇ بۇ دەۋردە بۇ تىلنى قوللانغۇچى خەلقلەرنىڭ جانلىق تىل ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇنلاشقان ھالدا، ھەرقايسى رايونلاردا ئۆزىگە خاس يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلدى. شۇڭا، «بۇ دەۋر ھەرقايسى تۈركىي تىللار بۆلۈنۈشكە باشلىغان ۋە بۇ بۆلۈنۈش تاماملانغان دەۋردۇر.»

شەيبانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كرىزىس تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، ئومۇمىي خانلىق ئېغىر بۆلۈنۈش خەۋپىگە دۇچ كەلدى، شۇنداقلا مەيلى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەدەنىيەت ئىشلىرى جەھەتتىن بولسۇن، ئەسلىدىكى سىياسىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ئورنى تۆۋەنلەشكە باشلىدى. گەرچە شەيبانىيلار ھۆكۈمرانلىرىدىن بولغان ئابدۇللاخان (1583 ــ 1598) خانلىق دائىرىسىدە بىر سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا مەغلۇپ بولدى. نەتىجىدە ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى ئابدۇلمۆئمىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شەيبانىيلار خانلىقى بۇخارا خانلىقى، خىۋە خانلىقى ۋە قوقەند خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇخارا خانلىرىدىن ئابدۇلئەزىزخان (1645 ــ 1702) قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيانى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماي، خانلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي كرىزىسلار ۋە خانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر تۈپەيلى بۇ خانلىقلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئارقا ـ ئارقىدىن رۇسلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ كەتتى.

17 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا شىنجاڭ خەلقىمۇ ئاجايىپ مۇرەككەپ بولغان بىر تارىخىي شارائىتنى بېشىدىن كەچۈردى. «1514 ـ يىلى قۇرۇلغان سەئىدىيە خانلىقى ئابدۇرېشىتخان (1533 ــ 1570) دەۋرىگە كەلگەندە سەمەرقەندتىن

ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ ئاتىۋالغان مەخدۇم ئەزەم (1461 — 1542) قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر يەكەن، قەشقەرلەرگە كېلىشكە باشلىغان. ئۇ ئەھمەدخان (1609 — 1610) دەۋرىدە ئىسھاق خوجىنى يەكەنگە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ رايونىدا خوجىلار ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى».

17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا خوجىلار ھەرىكەتلىرى تازا ئەۋج ئالدى، شۇنداقلا سىياسىي زىددىيەت تۇپەيلى خوجىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، شىنجاڭ خوجىلىرى ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلاردىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ پاجىئەلىك ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىل خان دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ قارا تاغلىقلار مەزھىپىنى قوللاپ، ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ باشلىقى ئاپاق خوجىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. نەتىجىدە ئاپاق خوجا دالاي لامانىڭ خېتى ئارقىلىق ئىلىغا بېرىپ، جوڭغارلار باشلىقى غالدان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى ۋە بۇ ئارقىلىق 1678 - يىلى يەكەننى قولغا ئېلىپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى. نەتىجىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا جوڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جوڭغارلارنى تىنچىتقىچە بولغان بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ خوجىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز مەزھەپ كۈرىشى ئاستىدا تىنچسىز بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈردى.

گەرچە چىڭ سۇلالىسى دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى يەنىلا ئۈزۈك - ئۈزۈك تىنچسىزلىقلار ئىچىدە تۇردى. 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى جاھانگىر خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى يېغىلىقلىرى، ۋەلىخان خوجا ۋە شۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ياقۇپ بەگ قاتارلىقلارنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ جەريانىدا «چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا كېلىدىغان تەھدىتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق كېلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى تاقىدى.» ئەلۋەتتە، شىنجاڭنىڭ نەچچە يۈز يىللىق بۇ تارىخىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى جەريانىدا نىسپىي، ئۈزۈك بولغان مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىش باسقۇچلىرىمۇ بولدى ھەمدە كۆپلىگەن نامايەندىلەر مەيدانغا كەلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇزاق شەرق بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدا يېڭى دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن قۇرۇقلۇق يوللىرىنىڭ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىشى سەۋەبلىك بارلىققا كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ چۆكۈشىنىڭمۇ يوقىرىقى سەۋەبلەرگە ماس ھالدا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە ئورتاق تىلىنىڭ رايون ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا بولغان تەسىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەك.

دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيادا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كرىزىسلارنىڭ ئېغىرلىشىشى، شۇنداقلا كونا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ چۆكۈشى سەۋەبىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى 17 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاخىرقى دەۋرگە قەدەم قويدى ھەمدە ھەرقايسى رايونلاردا بۇ تىل يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە تەرەققىيات يۆنىلىشى قىلدى. شۇ نەرسە ئېنىقكى، گەرچە 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە بولغان يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بۆلۈنۈشى تېزلىشىپ،

ھەرقايىسى تۈركىي تىللارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئۆتكۈنچى بىر دەۋر بولسىمۇ، 17 ـ ئەسىردە ئەنە شۇنداق بىر رايون ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىش يۈزلىنىشىگە كىرگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى، مەدەنىيەت تىلى بولۇش سالاھىيىتىنى يوقاتمىدى. «كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر جوڭگو تەۋەلىرىدىن ئىران چېگرىلىرىگىچە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىدە ئومۇمىي مەدەنىيەت تىلى، ئەدەبىي تىل ۋە دۆلەت تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ، ھۆكۈمدارلار مەكتۇپ، ۋەقفىيەلەرنى ۋە ھەر تۈرلۈك ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى بۇ تىل بىلەن يازدى. يالغۇز مەخسۇس ھۆكۈمران سىنىپلارلا ئەمەس، ئاۋام خەلق بارلىققا كەلتۈرگەن ئەسەرلەردىمۇ بۇ تىل قوللىنىلدى.» شۇڭا، يۇقىرىقىدەك بىر ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي شارائىت ئاستىدىمۇ بۇ تىلنىڭ ئۈچ ئەسىردەك ۋاقىت يەنىلا ئەدەبىي تىل ۋە مەدەنىيەت تىلى بولۇش سالاھىيىتىنى ساقلاپ تۇرالىشىدىكى رېئال ۋە ئەنئۆى سەۋەبلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەيبانىيلارخانلىقى، ئاستىراخانىلار خانلىقى، بۇخارا خانلىقى، خىۋە خانلىقى ۋە قوقەند خانلىقلىرى دائىرىسىدە مەيدانغا كەلگەن ۋەكىللەر ۋە ئەدەبىي نامايەندىلەردىن سوفى ئاللايار، مۇنىس خارەزمىي، ئاگەھىي، كامىل خارەزمىي، ئۆمەرخان، فەزلى، ئۆمەرخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەلىخان، گۇلخانىي، شەمس ئۆزكەندى، ئۇبەيدى، باياز، مەشرەپ، ھۇۋەيدا، مەخدۇم قۇلى، تۇردى، شەيخ شەرىف، ۋەفائىي، سەيد مۇھەممەد ئاخۇند، مەخمۇر، مۇقىمىي، فۇرقەت قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

بۇلارنىڭ ئىچىدە خىۋەگە يېقىن قىياتتا (kiyat) تۇغۇلغان مۇنىس خارەزمىي (1778 — 1829)نىڭ «مۇنىسۇل ـ ئۇششاق» ناملىق دىۋانى ۋە خىۋە خانى مۇھەممەد رەھىمخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن يازغان خىۋە خانلىقىنىڭ تارىخىغا ئائىت تارىخىي ئەسىرى «فىردەۋسۇل ـ ئىقبال» ناملىق ئەسىرى مەلۇم. ئۇ يەنە «رەۋزەتۇس ـ سەفا» ناملىق تارىخىي ئەسەرنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ئاگەھىي( ag ëhi )مۇ 1809 ـ يىلى قىياتتا تۇغۇلغان، ئەسلىي ئېتى مۇھەممەد رىزا بولۇپ، 1874 ـ يىلى ۋاپات بولغان. «فىردەۋسۇل ـ ئىقبال»نىڭ مۇنىس خارەزمىي تەرجىمە قىلىپ بولالمىغان قىسمىنى تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، خىۋە تارىخىنى «رىيازۇد ـ دەۋلەت»، «زۇبدەتۇت ـ تەۋارىخ»، «جامىئۇل ـ ۋۇقۇئاتىس ـ سۇلتانىيە»، «گۇلشەنى دەۋلەت»، «ساھىدۇل ئىقبال» قاتارلىق بەش كىتاب قىلىپ يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىدىن «زۇبدەتۇل ـ ھېكايەت»، «ئەخلاقىي مۇھسىنىن»، «تارىخىي نادىرىي» قاتارلىقلار بار.

كامىل خارەزمىي 1825 ـ يىلى خىۋەدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئەسلىي ئېتى نىياز مۇھەممەد ياكى پەھلىۋان نىياز مۇھەممەد. مەزكۇر لىرىك شائىرنىڭ 368 بېيىتلىق دىۋانى مەلۇم.

قوقەند خانلىقىنىڭ خانى ئۆمەرخاننىڭ خانلىق دائىرىسىدە كەڭ بىر ئەدەبىي تىل مۇھىتى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى مەلۇم. ئۇنىڭ پارسچە شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر دىۋانى يېتىپ كەلگەن. ئەسلىي ئېتى مۇھەممەد شېرىف بولغان گۇلخانىيمۇ «ياپالاقۇش ھېكايىسى» ياكى «زەربۇل ـ مەسەل» بىلەن مەشھۇر. مەشرەپ ۋە سوفى ئاللا يارنىڭ سوفىستىك جەڭگىۋار غەزەللىرىمۇ ھەممىمىزگە تونۇش.

### 2. شىنجاڭ رايونىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەكىللەر

بۇ دەۋردىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ۋەكىللىرى ۋە ئەدەبىي نامايەندىلەرنى ئايرىم تېما ئېچىپ بايان قىلىشىمىزدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھازىرغىچە، بولغان تەتقىقاتلاردا كۆرۈلۈۋاتقان مۇشۇ دەۋر، مۇشۇ رايوندىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرىگە بولغان بىر تەرەپلىمە قاراشلار سەۋەبىدىندۇر.

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە تەۋە قىلىنىۋاتقان بۇ ئۈچ يۈز يىل شىنجاڭ رايونى ئۈچۈن ئومۇمىي جەھەتتىن تولىمۇ تۇراقسىز بىر دەۋر بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۈچ ئەسىردە مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە نىسپىي گۈللىنىشلەر مەيدانغا كېلىپ تۇردى. بىزگە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يۈزلىگەن شائىر - ئەدىبلەر، تەرجىمانلار، تارىخچى ۋە تەزكىرىچىلەر، تېخىچە بىزگە تەخمىنىي بولسىمۇ، سانىنى ئېلىش نېسىپ بولمىغان مۇنشى - كاتىبلار ۋە باشقا خەلق سەنئەتكارلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن مەيدانغا كەلگەن، نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ساقلىنىۋاتقان، يوقاپ كەتكەن، مەلۇم بولمىغان مىڭلىغان نامايەندىلەر ئەنە شۇنىڭ شاھىتى. ئەمما، «ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، چەت ئەللەردىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ نەۋائىيدىن كېيىنكى دەۋرىنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى دەيدۇيۇ، بۇ دەۋردە شىنجاڭدا ياشاپ ئۆتكەن شائىر، ئەدىبلەرنىڭ بىرىنىمۇ تىلغا ئالمايدۇ. ئەكسىچە، پەقەتلا ماۋەرائۇننەھر ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان خىۋە، بۇخارا ۋە خوقەند خانلىقلىرىدا ئۆتكەن شائىر ئەدىبلەرنىلا سانايدۇ». ئەينى دەۋر ئەدىب، شائىرلىرىنى تىلغا ئالمىغىنىدىن سىرت يەنە چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ۋە ئەدەبىياتىنىڭ مۇئەييەن ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە داۋاملاشتۇرغان شۇنداقلا ۋارىسلىق قىلغان بۈگۈنكى دەۋردىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى تىلغا ئېلىشقىنىدا ئۆز سەھىپىلىرىدە بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا ئورۇن بەرمىگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى مەنبەلەرنى بېرىشنى كۇپايە دەپ قارايمىز:

«20 - ئەسىردە، غەرب مەدەنىيىتى نوپۇزى ئاستىدا ئۆزبېك ئەدەبىياتى مەيدانغا كەلگەنگە قەدەر، چاغاتاي ئەدەبىياتى تولۇق تۆت ئەسىر ئاساسلىق ئىككى بۈيۈك تەسىر ئاستىدا بولدى» .

«20 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرى كىرىپ كەلدى. بۇ يېڭى دەۋردىكى چاغاتاي ئەدەبىياتىغا ئۆزبېك ئەدەبىياتى دېگەن نام بېرىلدى» .

«رايون خاراكتېرلىك مىللىي تىللارنىڭ بارلىققا كېلىشى (ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، قاراقالپاق، تاتار ۋە باشقىرت قاتارلىق) ۋە مىللىي ئاڭنىڭ كۈچىيىشى ئاساسىدا مىللىي تىلدىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە چاغاتاي تىلى ئەمەلىي قوللىنىلمايدىغان تىلغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا تۈركلىرى ئۈچۈن ئەدەبىي تىل بولۇش رولىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مۇھىم گراماتىكىلىق شەكىللىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈركىي تىللاردا ساقلىنىپ قالدى.»

نەقىللەردە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى، تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسىگە ئوخشاش نوپۇزلۇق كىتابلاردىمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى راۋاجىنى نوقۇل ئۆزبېك ئەدەبىياتىغا باغلاش، كېيىنكى دەۋردىكى ۋەكىللەر ئۈستىدە توختالغىنىمىز تىلنىڭ راۋاجى سۈپىتىدىكى مىللىي تىللار قاتارىدا ئۇيغۇر تىلىنى سانىماسلىق، بىزنىڭچە دا، بۇ دەۋردە شىنجاڭ رايونىدا بارلىققا

كەلگەن ۋەكىللەر ۋە نامايەندىلەرنى تىلغا ئالماسلىق، ھەتتا يۇقىرىقىغا ئوخشاش چاغاتاي ئۇيغۇئىلىم ئىگىلىرىدىكى ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. چۈنكى، «ئورقۇن دەۋرىدىن تارتىپ گۈللەنگەن بىر مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى، داۋاملاشتۇرغۇچىسى ۋە تارقاتقۇچىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋردە (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەممە دەۋردە) پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان قەشقەر، ھىرات، سەمەرقەند، ئەندىجان... قاتارلىق شەھەرلەردە مەدەنىيەت ساھەسىدە ئوينىغان رولى، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ئەنئەنىلىرى، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ئۇنتۇلماسلىقى كېرەك» ئىدى. ئەلۋەتتە، بىزدىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى بۈگۈنكى شىنجاڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىلا چەكلەپ قويۇشتەك ئىلمىي بولمىغان خاھىشنى تۈزىتىشى، مەسىلىگە ئىلمىي نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىشى تولىمۇ زۆرۈر.

بۇ دەۋردە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئەھۋالىغا كەلسەك، «بۇ دەۋر نەۋائىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش خاھىشىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ دەۋردە بىر تەرەپتىن نەۋائىي ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ تارقالغان، نەۋائىي دىۋانلىرىنىڭ ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ نەپىس نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن ھەم ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرىدە نەۋائىي غەزەللىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، نەۋائىينى پىر ـ ئۇستاز تۇتقان شائىر ـ يازغۇچىلار كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا چىقىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەۋائىيدىن كېيىنكى بىر كۆركەم مەنزىرىسىنى شەكىللەندۇردى.» 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگۈچە بولغان باي ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا نەزەر سالساق، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىل ئاساسەن قەشقەرىيە رايونىدىكى جانلىق تىل بىلەن باغلانغان ھالدا راۋاجلانغانلىقىنى بايقايمىز. چۈنكى، موغۇلىستان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ داۋامى بولغان سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە قەشقەر، ياركەنتلەر بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ، بۇ شەھەرلەر مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولۇپ خىزمەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ نەۋائىي ئەنئەنىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا قەشقەر جانلىق تىلىنىڭ ئىجابىي ئامىللىرىغا يۈلىنىپ، ئاۋۋال شىنجاڭنىڭ قەشقەر، ياركەنت، خوتەن، ئاقسۇ رايونلىرىدا ھىرقەتى، خاراباتىي، زەلىلىي، ئابدۇرېھىم نىزارىي، موللا مۇسا سايرامى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي، خامۇش ئاخۇن ياركەندىي... قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدە راۋاجلاندى. كونا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش ئەھۋالى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى يېزىقىنىڭ تارىختىكى ئۆزگىرىش، ۋە تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىنى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى قەشقەردىكى شىۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان ماتېرىياللارنىڭ تىلىغا تاكى ئازادلىققىچە بولغان ئاۋام خەلقنىڭ ئىقتىسادىي توختام ھۆججەتلىرى ۋە خەت ـ چەكلىرىدىن بىلەلەيمىز.

18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ ئىلىنىڭ تەسىرى كۈچەيدى. نەتىجىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ راۋاجى بولغان ئۇيغۇر تىلى موللا بىلال نازىم، ئەھمەت خوجامنىياز ئوغلى، زوھۇرى، سېيت مۇھەممەت قاشى... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگىنىدەك، ھەرقايسى يەرلىك شېۋىلەر، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋىلىرى تەسىرىدە يېڭى بىر يۈزلىنىشكە قەدەم قويدى ھەمدە 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەنبە قىلىپ ياش كۆتۈرگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بارلىققا كەلتۈرۈش دولقۇنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر

قىسىم بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ تەسىرى خېلى زور رول ئوينىدى. «شۇنداق قىلىپ، 1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا شەكىللەنگەن ۋە جىددىي تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان ‹ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى›، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەرپا قىلىنغان ئۇيغۇر ئورتاق ئەدەبىي تىلىنىڭ فورمىسىنى قوبۇل قىلغان ھالدا ئۈرۈمچى ۋە ئىلى شېۋىلىرى ئاساسىدا راۋاجلىنىشقا باشلىدى.»

شىنجاڭ رايونىدا مەيدانغا كەلگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازغان ۋەكىللەر ۋە ئەدەبىي نامايەندىلەردىن قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن:

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازغان ۋەكىللەردىن بىرى بولغان مۇھەممەد ئىمىن خوجام قۇلى ھىرقەتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىزگە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق ئەسىرىدىن مەلۇم. ئۇنىڭ مەزكۇر ئەسەردە ئۆزى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن شائىرنىڭ 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغانلىقىنى، يۇرتىنىڭ كاشغەرنىڭ تازغۇن ـ باغچى يېزىسىدىن (بۈگۈنكى يېڭىشەھەردە) ئىكەنلىكىنى دەلىللەش مۇمكىن. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق ئەسەر 2000 مىسرا ھەجىمگە ئىگە مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان شېئىرىي ئەسەر. شائىر بۇ ئەسەرنى «ئەھلى ھىرقە» پېشۋاسى بولۇپ تونۇلغان مەزگىللەردە يازغان بولۇپ، شائىرنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتا فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير» ۋە نەۋائىينىڭ «لىسانۇت ـ تەير» ناملىق ئەسەرلىرىگە يېقىندىن ياندىشالىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. «ھىرقەتي» شائىرنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، «كۆيۈپ كۈل بولغۇچى» دېگەن مەنىدە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىزگە شائىرنىڭ «گۇمنام» تەخەللۇسىدىكى يەنە بىر دىۋانى مەلۇم بولۇپ، مەزكۇر دىۋان ئاساسەن شائىرنىڭ غەزەللىرىدىن تەشكىل تاپقان. شائىرنىڭ «ھىرقەتى» ۋە «گۇمنام» دېگەن تەخەللۇسلىرى كۆچلۈك سوفىستىك ئاڭنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن.

مۇھەممەد سىدىق زەلىلىمۇ 17 — 18 ـ ئەسىرلەردىكى تونۇلغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى بىزگە 2800 مىسرالىق «سەپەرنامە»، 226 بېيىتتىن تەركىب تاپقان «تەزكىرەئىي چىلتەن»، 770 بېيىتلىق «تەزكىرەئىي خوجا مۇھەممەد شەرىف» ۋە «دىۋان كۇللىيات زەلىلى» ناملىق لىرىك غەزەل، رۇبائىي، مۇخەممەس، مۇستەھزاد، قەسىدە، ساقىنامىلىرى بىلەن مەشھۇر.

مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتىمۇ 17 — 18 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ رايونىدا ئۆتكەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بىزگە «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق ئەسىرىلا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئەينى دەۋر تىلىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئالدىنقى دەۋرگە بولغان ئىزچىللىقىنى بىلىشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

18 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن كونا ئۇيغۇر تىلى پېشۋالىرىدىن بولغان يەنە بىر شەخس مۇھەممەد سادىق كاشغەرىيدۇر. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي نەۋائىيدىن كېيىن ئۆتكەن يەنە بىر ھوسۇللۇق ئەدىب بولۇپ، بىزگە ئالىمنىڭ ھەر خىل تېمىدىكى ئەسەرلىرىدىن «تەزكىرەئىي ئەزىزان»، «زۇبدەتۇل ـ مەسائىل» (مەسىلىلەر جەۋھىرى)، «تەزكىرەئىي خاجەگان»، «تەزكىرەئى ئەسھابۇل ـ كەھف»، «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئىي شاھى»، «ئادابۇس ـ سالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقلىرى)، «قىياپەتۇل ـ بەشەر»، «رىسالەئى كەسىپدار»، «تەرجىمەئى تارىخى تەبەرى»، «تەرجىمەئى تارىخى رەشىدىي»، «قۇرئان تەفسىرى»، «ئىسلام ئاساسلىرى»، «كەشفۇل ـ قۇلۇب» قاتارلىقلار مەلۇم. دېمەك، مەزكۇر ئالىم ئۆزىنىڭ تېماتىك ۋە ژانىر، شەكىل جەھەتتىكى كەڭ ئىجادىيەتلىرى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە

ئەدەبىياتنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە ۋەكىللىرىدىندۇر.

نەۋائىي ئەسەرلىرىنى ئىجادىي ئىشلەشتە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، نەۋائىي تىلى ۋە ئىجادىيىتى ئىزچىللىقىنىڭ شاھىتى موللا سىدىق يەركەندى ئۆزىنىڭ «نەسرىي خەمسە»سى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى ۋەكىللەر سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىشقا لايىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى. يازغۇچىنىڭ يەنە ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ «چەھار دەرۋىش» ناملىق ئەسىرىنى پارس تىلىدىن تەرجىمە قىلغانلىقى مەلۇم.

كېيىنكى دەۋر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەنە بىر ھوسۇللۇق ۋەكىلى ئابدۇرېھىم نىزارى بولۇپ، كاشغەردە تۇغۇلۇپ، كاشغەر «خانلىق مەدرىسە»دە ئىلىم تەھسىل قىلغان. مەزكۇر شائىرنىڭ باي ئىجادىي مىراسلىرى تىل ۋە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ۋە ھۆرمەتلىك ئورۇن تۇتىدۇ. نىزارى نەۋائىينى ئۆزىگە پىر ـ ئۇستاز تۇتۇپ، نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئاممىسىغا كەڭ تارقىلىشىغا كۆپ ئەمگەك قىلغانلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى نەۋائىي دىۋانلىرىنى كۆچۈرۈشكە سەرپ قىلغان. نىزارى كۆچۈرگەن نەۋائىي كۇللىياتىنىڭ تولۇق بىر قوليازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانماقتا. مەزكۇر شائىر ئۆمرىدە نەۋائىيغا ئوخشاش بىر يۈرۈش خەمسەنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان بولۇپ، ئۇنىڭ «دىباچە»، «فەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «مەھزۇن ۋە گۈلنسا»، «رابىئە ۋە سەئىدىن» قاتارلىقلار ئەنە شۇنىڭ دەلىلى. شائىرنىڭ يەنە «زادۇن ـ نەجاد» ناملىق بىر سىياسىي، ئىجتىمائىي تېمىدىكى بىر ئەسىرىمۇ مەلۇم.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى بىر مەزگىلنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشىدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان موللا مۇسا سايرامىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. چۈنكى، بالا ۋاقتىدىلا تىل ۋە ئىلىمدە كامالەتكە يېتىپ، «تەزكىرەتول ـ ئەۋلىيا»، «دەر بايانى ئەسھابۇل ـ كەھف»، «تارىخى ئەمىنىيە»، «تارىخى ھەمدىي»، «دىۋان مەسنەۋى»، «سالامنامە» قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتتىكى مول ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن شائىرنىڭ تىل تەتقىقاتىمىزدا، بولۇپمۇ تىلىمىزنىڭ ئىزچىللىقى ۋە ۋارىسچانلىقىنى تەكشۈرۈشىمىزدە تۇتىدىغان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ يەنە «تەزكىرەئى خوجا ئافاق»، «فەرھاد ۋە شىرىن» ناملىق ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى يازغانلىقىمۇ مەلۇم.

ئەلۋەتتە، بۇ دەۋردە شىنجاڭ رايونىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەكىللەر بۇلارلا ئەمەس. يۇقىرىقىلاردىن باشقا نەۋائىي مىراسلىرىغا بولغان ۋارىسچانلىقى بىلەن كۆزىمىزگە ئالاھىدە تاشلىنىدىغان ۋەكىللەردىن موللا يۇنۇس ياركەندى، ئۆمەر باقى قاتارلىقلارنى، ئەدەبىي تەرجىمانلاردىن موللا مۇھەممەد تۆمۈر، شاھ ھىجران، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاخان مەخدۇم قاتارلىقلارنى شۇنداقلا ئابىد قومۇلىي، موللا پازىل، سەلاھىي، نەۋبەتىي، خوجا جاھان ئەرشىي، خوجا سىدىق فۇتۇھىي، موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنىي، موللا مۆمىن ياركەندىي، موللا ئابدۇل ئەلىم، مۇھەممەد سىدىق رەشىدىي، ئۆمەر باقى ياركەندى، مەھزۇن، موللا ھەيدەر، موللا سالىھ، موللا نىياز، غەيرەتى، قەلەندەر، قاسىمى، ئەھمەد خوجام نىياز ئوغلى، مىرھەسەن سەدائىي، ئەھمەت شاھ قاراقاشىي، ئىبراھىم مەشھۇرىي، ئىسمائىل بەگ، نورۇز ئاخۇن زىيائىي، تۇردىن غەرىبىي، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىي، زۇھۇرىي، موللا نىياز، خۇشھال غەرىبىي، موللا قۇربان، موللا بىلال نازىمىي، موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا، موللا مۇھەممەد نىياز، موللا

شاكىر، دىلبەر دورغە، مەھمۇد ھېكىم بەگ، ئاشۇراخۇن غەرىبىي، ئاسىي، سەيد مۇھەممەد، موللا ئەلى بىننى موللا ئىمىن، موللا سەئىدۇللا موللا باقى، سابىرئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر، تەجەللىي، مۇھەممەد رەسۇل شەۋقىي، ئابدۇللا شېرىپ ئوغلى خەستە ... قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئىزاھلار:

ئابدۇرېھىم راخمان: «چاغاتاي تىلى ھەققىدە يېڭى بايانلار»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2008 ـ يىللىق 2 ـ سان، 79 ـ بەت.

Janos Eckmann, Cagatay Edebiyatinin Son Devri Türk dili Arastilmalari, 1963,7. 121.

ئابدۇرېھىم راخمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى. 485 ـ بەت.

ئابدۇرېھىم راخمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى. 486 ـ بەت.

M. Fuad Koprülü, Cagatay Edebiyati Islam Ansiklopedisi Ⅲ. Gilt, Istanbul 1945, 318.

ئابدۇرېھىم راخمان: «چاغاتاي تىلى ھەققىدە يېڭى بايانلار»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2008 ـ يىللىق 2 ـ سان، 80 ـ بەت.

M. Fuad Koprülü, Cagatay Edebiyati Islam Ansiklopedisi Ⅲ. Gilt, Istanbul 1945, 318.

Gilt, Ankara, 1968, 327. – Türk Ansiklopedisi, Milli E?itim Basimevi,11

Andras J. E. Bodrogligeti, A Grammar Of chagatay, LINCOM EUROPA, 2001, p2.

مىرسۇلتان سۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى» [C]، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 313 ـ بەت.

مىرسۇلتان سۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى» [C]، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 354 ـ بەت.

خالىدە مۇتىئى نەشرگە تەييارلىغان: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 219 ـ بەت.

مىرسۇلتان سۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى» [C]، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 354 ـ بەت.

بۇ ھەقتە ئەسەت سۇلايماننىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2007 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىكى «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى، ۋە ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

ئەسەت سۇلايمان: «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى، ۋە ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 4 ـ سان، 8 ـ بەت.

ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى، 164 ـ بەت.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 781 ـ بەت.

ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى، 230 ـ بەت.

غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 1132 ـ بەت.

(ئاپتورلار جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىدە)

ئابدۇكېرىم ئابدۇغېنى

# «تارىخى رەشىدى»دىكى شېئىرىي پارچىلار ھەققىدە

«تارىخى رەشىدى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر گۈللىنىش دەۋرى بولغان يەركەن خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، «قۇتاد غۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئەلىشىر نەۋائىي مىراسلىرىدىن كېيىنكى كاتتا ئەسەر. ئۇ چاغاتايخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان تەختكە چىققان 1348 - يىلىدىن باشلاپ، ئاپتور مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كەشمىردە ھاكىمىيەت تۇتقان 1541 - يىللارغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىككى ئەسىرلىك تارىخىدىن مول ئۇچۇر بەرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىك تارىخىي مىراس بولسا، ئۆزگىچە بەدىئىي قۇرۇلما، تۈرلۈك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە بەدىئىي ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يېقىملىق، ئوبرازلىق، گۈزەل شېئىرىي تىل بىلەن ئىككى ئەسىرلىك تارىخنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدىكى مۇھىم بىر ئەدەبىي نامايەندە ھېسابلىنىدۇ.

«تارىخى رەشىدى»نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىدىن قارىغىنىمىزدا، ئۇ ئىككى ئەسىرلىك تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىككى توملۇق، چوڭ ھەجىملىك داستانغا، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان تارىخىي رومانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئەسەردە ئاپتور شەرق داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئوخشاش ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىش جەريانىدا شۇ ۋەقەلەرگە بولغان ئۆز كۆزقارىشىنى تۈرلۈك شەكىلدىكى شېئىرىي پارچىلاردىن پايدىلىنىپ قىسقا، ئىخچام ئىپادىلىگەن ۋە شۇ ۋەقەلەرگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا پەند - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى پەلسەپىۋى ئەقلىي يەكۈنلەرنى چىقارغان. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى بۈگۈنكى زامان رومانلىرىغا ئوخشاش باب، ماۋزۇلارغا بۆلۈپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغان. بايان، تەسۋىر، چۈشەندۈرۈش، مۇھاكىمە قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش، سېلىقلاش، نەقىل كەلتۈرۈش قاتارلىق تۈرلۈك بەدىئىي ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى گۈزەل بەدىئىي تىل بىلەن ناھايىتى جانلىق بايان قىلىپ بەرگەن.

ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇكەممەل، ياخشى بولغان بەدىئىي شەكىل ياكى قۇرۇلما مەزمۇننى تولۇق، چوڭقۇر، جانلىق ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، مەزمۇن ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەن، ئەگەر مۇۋاپىق شەكىل بىلەن ئىپادىلەنمىسە، ئۇنداقتا بۇ مەزمۇن يەنىلا چۈۋالچاق بولۇپ قالىدۇ. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدى»دە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا خاس بولغان نەسرىي شەكىل بىلەن شېئىرىي شەكىلنى گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىشتەك بەدىئىي شەكىلنى تاللىۋالغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن ئاساسلىق

تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى، بىر قىسىم رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيىتى قاتارلىق ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغۇچى قىسىملارنى نەسرىي شەكىل بىلەن ئىپادىلىگەن. ئاپتور ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىش جەريانىدا، مۇۋاپىق جايلارغا ھەر خىل شەكىلدىكى شېئىرىي پارچىلارنى قىستۇرۇپ، جەڭلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىش جەريانىنى، جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى، شەخسلەرنىڭ مۇھىم ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن ئوبرازلىق، ئىخچام تەسۋىرلىگەن. ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە بولغان كۆزقاراشلىرىنى، باھاسىنى، ھەربىي تاكتىكا، جەڭ قىلىش سەنئىتى ھەققىدىكى ئىدىيىلىرىنى يىغىنچاق ھالدا ئىپادىلىگەن. ئەينى دەۋردە ئۆتكەن بەزى مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى قىستۇرما قىلىپ، شۇ شائىرلارنىڭ بەدىئىي ئىستېداتى، تالانتىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. «تارىخى رەشىدىي»دە ئاساسلىق مەزمۇن نەسرىي يول بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن شېئىرىي پارچىلارنىڭ رولىنىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئاپتور نەسرىي شەكىل بىلەن بىر ھەتتا بىرقانچە ئابزاس بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدىغان مەزمۇننى شېئىرىي يول بىلەن ناھايىتى ئىخچام ئىپادىلەپ، ئاددىي، يىغىنچاق شەكىل بىلەن كەڭ، چوڭقۇر مەزمۇننى ئىپادىلەشتەك بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. بىز «تارىخى رەشىدىي» دىكى شېئىرىي پارچىلاردىن ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى، ھەربىي، ئەخلاق، تۇرمۇش قاراشلىرى ۋە ئەينى دەۋردىكى بىر قىسىم شائىرلارنىڭ ئىجادىي ھاياتى ھەققىدىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

«تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلارنىڭ ئاپتورى ئوخشاش ئەمەس، سان جەھەتتىن كۆپ، شەكىل جەھەتتىن ھەر خىل بولۇپ، خېلى كۆپ قىسىم شېئىرىي پارچىلارنى ئايرىم مۇستەقىل شېئىر سۈپىتىدە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلارنىڭ شەكلى، مەزمۇنى، رولى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش «تارىخى رەشىدىي» تەتقىقاتىدىكى ئەھمىيەتلىك خىزمەت. مەن «تارىخى رەشىدىي»نى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق «تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلارنىڭ سانى ۋە ئاپتور تەۋەلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە ستاتىستىكىلاپ چىقتىم ھەمدە بۇ شېئىرىي پارچىلارنىڭ مەزمۇنى، قوللىنىلىش مەقسىتى ۋە رولى ھەققىدە بىر قىسىم كۆزقاراشلارغا ئىگە بولدۇم. بۇ ماقالىدە مۇشۇلارنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنماقچىمەن.

ئاپتور «تارىخى رەشىدىي»دە شېئىرىي پارچىلارنى نەزم، بېيىت، مىسرا دېگەندەك ئەسكەرتمىلەر بىلەن قىستۇرغان. لېكىن، بۇ يەردىكى نەزم ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپ قىسمى كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئايرىم شېئىر شەكلىنى بىلدۈرىدىغان نەزمدىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى، «تارىخى رەشىدىي»دە بىر قىسىم رۇبائىي، غەزەللەرمۇ نەزم، بېيىت دېگەن ئىلاۋىلەر بىلەن بېرىلگەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى «نەزم»، «بېيىت»لار شېئىرىي بۆلەك، شېئىرىي پارچە دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان. شۇڭا، بىز شېئىرىي پارچىلارنى ستاتىستىكىلىغان ۋاقىتتا ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسىگە ھۆرمەت قىلىپ، شۇ بويىچە ئالدۇق.

ئەگەر، «تارىخى رەشىدىي»دىكى بەزى ئايرىم مىسرالارنىمۇ بىر شېئىرىي پارچە دەپ قارىساق، ئۇنىڭدا جەمئىي پۈتۈن ئەسەردە 543 شېئىرىي پارچە بار. بۇنىڭ ئىچىدە نەزم دېيىلگەن شېئىرىي پارچىلار 284 پارچە 644 بېيىت، بېيىت دېيىلگەن شېئىرىي پارچىلار 126 پارچە 164 بېيىت، مىسرالار 50، رۇبائىيلار 56 پارچە، مەسنەۋى 7 پارچە 18 بېيىت، غەزەل 4 پارچە 16 بېيىت، قىتئە 3 پارچە 7 بېيىت،

مەتلەئ 9 پارچە 9 بېيىت، مۇئەممما 1 پارچە 1 بېيىت، ھېكايەت 2 پارچە 18 بېيىت، مۇناجان 1 پارچە 2 بېيىت. ئەگەر ھەممىنى بېيىتقا سۇندۇرۇپ ھېسابلىساق جەمئىي 1016 بېيىت شېئىر بولىدۇ.

«تارىخى رەشىدىي»دىكى 543 شېئىرىي پارچە ئىچىدە 313 پارچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئۆزقەلىمىگە تەئەللۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە رۇبائىي 21، مەسنەۋى 4، قىتئە 1، غەزەل 2 پارچە (نەزم دېيىلگەن)، نەزم، بېيىت، مىسرالار 283 پارچە.

543 شېئىرىي پارچە ئىچىدە 230 پارچىسى باشقا شائىرلارغا تەئەللۇق. بۇنى تۆۋەندە تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

### 1. موللا مۇھەممەد نىياز خوتەنىگە تەئەللۇق شېئىرىي پارچىلار

موللا مۇھەممەد نىياز «تارىخى رەشىدىي»نى تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئۆز تەرجىمىسىگە بىر مۇقەددىمە قوشقان. بۇ مۇقەددىمىدىكى 8 پارچە رۇبائىي، 9 پارچە 152 بېيىت نەزم موللا مۇھەممەد نىيازغا تەۋە. يەنە «تارىخى رەشىدىي»نىڭ 172 بېتىدە موللا مۇھەممەد نىيازنىڭ ئەمىر خۇدايدادنىڭ ھەج سەپىرىدىن تەسىرلىنىپ يازغان 1 پارچە 100 بېيىتلىق نەزمى قىستۇرۇلغان. دېمەك، موللا مۇھەممەد نىيازغا تەئەللۇق جەمئىي شېئىر 18 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە رۇبائىي 8 پارچە، نەزم 10 پارچە 252 بېيىت.

### 2. شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ قەلىمىگە تەئەللۇق شېئىرىي پارچىلار

ئاپتور «تارىخى رەشىدىي» (1 ـ قىسىم)نىڭ 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ، 16 ـ، 17 ـ، 18 ـ، 19 ـ، 20 ـ، 21 ـ، 22 ـ، 23 ـ، 24 ـ، 26 ـ بابلىرىنى «زەپەرنامە»دىن ئۆز ئەينەن نەقىل ئالغان بولۇپ، بۇ بابلاردىكى 89 پارچە 140 بېيىت نەزم، 10 مىسرا، يەنە «تارىخى رەشىدىي»نىڭ 180 ـ بېتىدىكى 1 پارچە 1 بېيىت نەزم، 641 ـ بەتتىكى 2 پارچە 3 بېيىت نەزم، 969 ـ بەتتىكى 1 پارچە رۇبائىي، 1019 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت نەزم قاتارلىقلار شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، «تارىخى رەشىدىي»دىكى شەرەفىددىن ئەلى يەزدىگە مەنسۇپ شېئىرىي پارچىلار 104 پارچە بولۇپ، ئىچىدە نەزم 92 پارچە 145 بېيىت، مىسرا 10، رۇبائىي 1.

### 3. سۇلتان سەئىدخان ئىجادىيىتىگە مەنسۇپلىرى

«تارىخى رەشىدىي»دە ئاپتور سەئىدخاننىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە شېئىرىيەتتىكى تالانتىنى بايان قىلىۋېتىپ، مىسال سۈپىتىدە (294 ـ بەتتە) 3 پارچە 9 بېيىت شېئىرىنى بەرگەن (نەزم دېيىلگەن)، بۇنىڭ بىرىنچى پارچىسى سەئىدخاننىڭ بىرگىچە يېتىپ كەلگەن مەشھۇر غەزىلىدىن ئېلىنغان 3 بېيىتتىن ئىبارەت. 295 ـ بەتتە يەنە سەئىدخاننىڭ «دىۋانى خاجە ھەسەن» ناملىق دىۋاندىكى بىرغەزەلنىڭ مەتلەئىگە يازغان 1 بېيىت بەدىھەسى بېرىلگەن.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ باشقا بابلىرىدىمۇ سەئىدخانغا مەنسۇپ شېئىرلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، 717 ـ، 718 ـ بەتتىكى 3 بېيىت، 753 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت نەزم، 805 ـ، 806 ـ بەتتىكى 2 پارچە 3 بېيىت نەزم، 862 ـ بەتتىكى 1 پارچە 1 بېيىت نەزم، 904 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت نەزم، 950 ـ، 951 ـ بەتتىكى 2 پارچە 2 بېيىت نەزم، 1004 ـ بەتتىكى 1 رۇبائىي قاتارلىقلارمۇ سەئىدخان قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ، جەمئىي 15 پارچە، نەزم 11 پارچە 20 بېيىت، بېيىت 3 پارچە 3

بېيىت، رۇبائىي 1.

**4. ئەلىشىر نەۋائىيغا مەنسۇپلىرى**

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا زامانىدا خۇراسان رايونىدا ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنى تونۇشتۇرىدۇ. ئاپتور ئەلىشىر نەۋائىينى ئەنە شۇ مەشھۇر شائىرلار قاتارىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ھاياتى، كېلىپ چىقىشى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن. «تارىخى رەشىدىي»دە نەۋائىينىڭ قەلىمىگە تەئەللۇق شېئىرىي پارچىلار كۆپ ئەمەس، پەقەتلا 1 رۇبائىي (430 ـ بەت)، 2 مەتلەئتىن ئىبارەت (436 ـ، 437 ـ بەتلەر). ئەسلىدە، بۇ مەتلەئنىڭ بىرىنى مەۋلانا ساھىبى، يەنە بىرىنى مەۋلانا لۇتفى ئېيتقان بولۇپ، نەۋائىي شۇ شائىرلارنىڭ رۇخسىتى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ غەزەل يازغان ۋە ئۆز دىۋانىغا كىرگۈزگەن. شۇنداق بولغاندا، بۇ 2 مەتلەئنى ھەم نەۋائىيغا ھەم ساھىبى، لۇتفىيغا مەنسۇپ دېيىشكە بولىدۇ.

**5. ئابدۇراخمان جامىغا مەنسۇپ شېئىرىي پارچىلار**

ئابدۇراخمان جامى نەۋائىي بىلەن زامانداش ئۆتكەن پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى بولۇپ، مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە جامىنى خۇراسان رايونىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر شائىردەپ ئالاھىدە تىلغا ئالغان ۋە 1 پارچە 5 بېيىتلىق غەزىلىنى مىسال سۈپىتىدە بەرگەن (428 ـ بەت). يەنە 368 ـ بەتتىكى 1 پارچە 19 بېيىتلىق نەزم، 407 ـ بەتتىكى 1 مەتلەئ، 410 ـ بەتتىكى 1 مەتلەئ (نەزم دېيىلگەن)، 871 ـ بەتتىكى 1 رۇبائىي، 872 ـ بەتتىكى 3 پارچە 3 بېيىت، 879 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىتلىق نەزم، 903 ـ بەتتىكى 1 پارچە 4 بېيىتلىق غەزەل قاتارلىقلارمۇ جامى قەلىمىگە مەنسۇپ. ئومۇملاشتۇرغاندا «تارىخى رەشىدىي»دە جامىغا تەئەللۇق شېئىرىي پارچىلار جەمئىي 10 پارچە، غەزەل 2 پارچە 9 بېيىت، نەزم 2 پارچە 21 بېيىت، مەتلەئ 2، رۇبائىي 1، بېيىت 3 پارچە 3 بېيىت.

**6. شەھابىددىن مەھمۇدقا تەۋە شېئىرىي پارچىلار**

مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە بۇ كىشىنى ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن دېگەن نام بىلەن ناھايىتى كۆپ تىلغا ئالىدۇ. شەھابىددىن مەھمۇد سوپىزمنىڭ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدىكى داڭلىق تەرىقەتچى بولۇپ، سەئىدخان مۇشۇ كىشىگە مۇرىت بولۇپ تەرىقەت يولىغا ماڭغان. مىرزا ھەيدەرمۇ سەئىدخانغا ئەگىشىپ كۆپ قېتىم بۇ كىشىنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولغان ھەمدە شەھابىددىن مەھمۇدنى ناھايىتى ئەزىز بىلىپ، ئۇنىڭ بىرقانچە دىنىي رىسالىسىنى ئەسلىي بويىچە «تارىخى رەشىدىي»گە كىرگۈزگەن. مۇشۇ رىسالىلەردىكى كۆپ قىسىم شېئىرىي پارچىلار شەھابىددىن مەھمۇدقا تەۋە. تەپسىلاتى تۆۋەندىكىدەك:

880 ـ، 881 ـ بەتلەردىكى 3 پارچە 4 بېيىت نەزم، 883 ـ بەتتىكى 1 پارچە 1 بېيىت نەزم، 885 ـ بەتتىكى 2 پارچە 2 بېيىت نەزم، 902 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت مەسنەۋى، 903 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت نەزم، 912 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت نەزم، 880 ـ، 881 ـ بەتلەردىكى 2 پارچە 2 بېيىت، 885 ـ بەتتىكى 1 بېيىت، 888 ـ بەتتىكى 1 بېيىت، 890 ـ بەتتىكى 4 پارچە 5 بېيىت، 909 ـ بەتتىكى 1 بېيىت. جەمئىي 18 پارچە، نەزم 8 پارچە 11 بېيىت، بېيىتلار 9 پارچە 10 بېيىت. مەسنەۋى 1 پارچە 2 بېيىت.

**7. جوۋەينگە (خاجە ئەلائىددىن مۇھەممەد جوۋەينى) مەنسۇپلىرى**

«تارىخى رەشىدىي» (2 ـ كىتاب)نىڭ 41 ـ، 42 ـ بابلىرى جوۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانگوشاي»دىن ئېلىنغان نەقىل بولۇپ، بۇ بابلاردىكى شېئىرىي پارچىلار جوۋەينىگە مەنسۇپ. بۇلار 624 ـ بەتتىكى 1 پارچە 1 بېيىت نەزم، 628 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىتلىق قىتئە، 628 ـ، 641 ـ بەتلەردىكى 3 پارچە 4 بېيىت. 627 ـ بەتتىكى 3 مىسرا، 645 ـ بەتتىكى 1 مىسرا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاندا، جوۋەينىگە تەۋە شېئىرىي پارچىلار جەمئىي 9 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە نەزم 1 پارچە 1 بېيىت، قىتئە 1 پارچە 2 بېيىت، بېيىتلار 3 پارچە 4 بېيىت مىسرا 4.

**8. مەۋلانا مۇھەممەد قازى (مۇھەممەد ئىبنى بۇرھاندىن)غا مەنسۇپلىرى**

مەۋلانا مۇھەممەد قازى شىھابىددىن مەھمۇدقا ئوخشاش تەرىقەت يولىدىكى دىنىي ئۆلىما بولۇپ، مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە بۇ كىشىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان ۋە بىر رىسالىسىنى كىرگۈزگەن. بۇ رىسالىدىكى 4 شېئىرىي پارچە مەۋلانا مۇھەممەد قازىغا مەنسۇپ. بۇلار 737 ـ بەتتىكى 1 پارچە 5 بېيىتلىق نەزم، 738 ـ بەتتىكى 1 پارچە 3 بېيىتلىق مەسنەۋى، 747 ـ بەتتىكى 1 پارچە 1 بېيىتلىق نەزم بىلەن 1 رۇبائىيدىن ئىبارەت.

**9. خاجە ئەبۇلقاسىم گۇرگانىغا مەنسۇپلىرى**

بۇ شائىرنىڭ «تارىخى رەشىدىي»گە 19 پارچە رۇبائىيسى كىرگۈزۈلگەن. 893 ـ بەتتىن 900 ـ بەتكىچە بولغان ئارىلىقتىكى 19 پارچە رۇبائىي مۇشۇ شائىرغا مەنسۇپ.

«تارىخى رەشىدىي»دە يەنە باشقا بىر قىسىم شائىرلار ۋە تارىخىي شەخسلەرگە تەۋە ئاز ساندىكى شېئىرىي پارچىلار ئۇچرايدۇ. تەپسىلاتى تۆۋەندىكىدەك:

294 ـ بەتتىكى 1 مىسرا (مەتلەئ دېيىلگەن) خاجە ھەسەنگە، 419 ـ بەتتىكى 1 بېيىت نەزم مىرموغۇلغا، 430 ـ بەتتىكى 1 مەتلەئ (نەزم دېيىلگەن)خۇسرەۋ دېھلىۋىگە، 433 ـ بەتتىكى «شىكەست» سۆزى رادىف قىلىنغان قەسىدىدىن ئېلىنغان 5 بېيىت شېئىر (نەزم دېيىلگەن) ھەسەن ئېلى جالايىرغا، 434 ـ بەتتىكى 2 مەتلەئنىڭ بىرى ئاسەفىيگە، يەنە بىرى ئاھىيغا، 435 ـ بەتتىكى 1 مەتلەئ (نەزم دېيىلگەن) ھىلالىيغا، 437 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت نەزم، 438 ـ بەتتىكى 2 بېيىت مەۋلانا سەيفىيگە، 439 ـ بەتتىكى 1 مۇئەمما ئەمىر ھۇسەيىنگە، 521 ـ بەتتىكى 1 پارچە 1 بېيىت نەزم، 521 ـ، 522 ـ بەتتىكى 3 پارچە 3 بېيىت نەزم شاھ ئىسمائىلغا، 520 ـ بەتتىكى 3 پارچە 3 بېيىت نەزم شاھبېكخانغا، 724 ـ بەتتىكى 1 بېيىت سۇلتان مەھمۇد خانغا (يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى)، 812 ـ بەتتىكى 1 پارچە 1 بېيىت نەزم، 1 مىسرا خاجە مۇھەممەد يۇسۇفكە (خاجە مۇھەممەد ئابدۇللا ئىبنى ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ ئوغلى)، 832 ـ بەتتىكى 1 رۇبائىي سەئىدخاننىڭ قېرىندىشى خەلىل سۇلتاننىڭ ئوغلى بابا سۇلتانغا، 849 ـ بەتتىكى 1 بېيىت مەنسۇرخانغا، 875 ـ بەتتىكى 1 پارچە 3 بېيىتلىق قىتئە ھەكىم سەنائىي غەزنەۋىگە، 884 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىتلىق مەسنەۋى فەرىدىددىن ئەتتارغا، 900 ـ، 901 ـ بەتتىكى 2 رۇبائىي، 920 ـ بەتتىكى 1 بېيىت نەزم مەۋلىۋى رۇمىيغا (900 ـ بەتتىكى رۇبائىي مەۋلىۋىنىڭ دېيىلگەن، بۇ مەۋلىۋى رۇمىينى كۆرسەتسە كېرەك)، 1057 ـ بەتتىكى نەزمىي ھېكايەت دېيىلگەن 12 بېيىت شېئىر شەيخ سەئدىيگە، 1063 ـ بەتتىكى 1 بېيىت نەزم ئەنۋەرىيگە مەنسۇپ.

«تارىخى رەشىدىي»دىكى باشقا ئاپتورلارغا تەئەللۇق شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى مىسال كەلتۈرۈش،

نەقىل كەلتۈرۈش يولى بىلەن كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور بىر قىسىم مەزمۇنلارنى «زەپەرنامە»، «تارىخى جاھانگۇشاي» قاتارلىق كىتابلاردىن ئۆز ئەينەن نەقىل ئالغان، شىھابىددىن مەھمۇد، ئابدۇراخمان جامى، خاجە مۇھەممەد يۇسۇپ قاتارلىق دىنىي ئۆلىمالارنىڭ بەزى رىسالىلىرىنى، بىر قىسىم پادىشاھلار ئوتتۇرىسىدىكى مەكتۇپ، خەت ـ ئالاقىلەرنى ئەسلىي بويىچە كىرگۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن، باشقا ئاپتورلارغا تەۋە خېلى كۆپ ساندىكى شېئىرىي پارچىلارمۇ «تارىخى رەشىدىي»گە كىرگەن. يەنە مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ، ئەينى دەۋردە خوراسان رايونىدا ياشاپ ئۆتكەن بىر قىسىم مەشھۇر شائىرلارنى ئالاھىدە تونۇشتۇرغان ۋە شۇ شائىرلارنىڭ ئىستىداتى، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىتىدە شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن ئەمەلىي مىسال كەلتۈرگەن. «تارىخى رەشىدىي»دە بۇ مەقسەتتە قىستۇرۇلغان شېئىرىي پارچىلارمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، ئاپتور ئەمىر ھۈسەين ئىسىملىك بىر شائىرنىڭ مۇئەممما پىنىدە مەشھۇر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئەمىر ھۈسەيىننىڭ «سۇھراب» دېگەن ئىسىمغا ئېيتقان بىر مۇئەمماسىنى مىسال كەلتۈرگەن. (439 ـ بەتتە، مىسال قىسقارتىلدى)

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە يۇقىرىقىدەك ئۆزىگە ۋە باشقا شائىرلارغا تەئەللۇق بولغان تۈرلۈك شەكىلدىكى شېئىرىي پارچىلارنى مۇۋاپىق قىستۇرۇپ، ئەسەر مەزمۇنىنى ياخشى ئىپادىلەشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. بىز «تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلار بولۇپمۇ، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆز قەلىمىگە تەۋە شېئىرىي پارچىلارنىڭ مەزمۇنى ۋە بۇ شېئىرىي پارچىلارنىڭ نەسرىي قىسىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قارىغىنىمىزدا، ئاپتور قىسقا شېئىرىي پارچىلار ۋە رۇبائىي قاتارلىق ئىخچام شېئىرىي شەكىللەر ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەن ۋە بۇ شېئىرىي پارچىلارنى شۇ مەقسەت، شۇ روللاردا قوللانغان.

1. ئاپتور مىرزا ھەيدەر نەسرىي قىسىملارنىڭ مۇناسىپ جايلىرىغا قىسقا ھەجىمدىكى شېئىرىي پارچىلارنى قىستۇرۇپ، نەسرىي قىسىملاردا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر، ئۇرۇش، جەڭلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىش جەريانلىرى، جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇقلىرى، شەخسلەرنىڭ مەلۇم كونكرېتنى ئىش ـ پائالىيىتى ۋە مۇناسىۋەتتى قاتارلىقلارنى شېئىرىي تىل بىلەن ناھايىتى ئوبرازلىق، ئىخچام ئىپادىلىگەن. شۇ ئارقىلىق نەسرىي قىسىملاردىكى بىر قىسىم تەپسىلاتلارنىڭ تېخىمۇ كونكرېت، ئىخچام، جانلىق ئىپادىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان. «تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلار ئىچىدە مۇشۇ خىلدىكى شېئىرىي پارچىلار ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن:

ھەمە شىرى دىل قۇۋۋەتى مىسلى بەبر،
ئىدى نەيزەسىدىن خەراشىدە ئەبر.
ھەمە خەيل كىينە كۇشۇ رەزمسار،
بەھادۇر جەھان سوزۇ دۇشمەن گۇدار.

(«تارىخى رەشىدىي» 660 ـ بەت)

ئاپتور بۇ شېئىرىي پارچە ئارقىلىق سەئىدخان قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەردە مىرزا ئابابەكرى قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىشتىن بۇرۇنقى جەڭگىۋار قىياپىتىنى ئوخشىتىش، مۇبالىغە قاتارلىق

بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە شېئىرىي تىل بىلەن ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. يەنە سەئىدخان قوشۇنلىرى بىلەن ئابابەكرى مىرزا قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەر سېپىلى ئالدىدىكى بىر قېتىملىق كەسكىن جېڭىدە سەئىدخان قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەننىڭ تېنىنى پارە ـ پارە قىلىپ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلغانلىقى، دۈشمەننىڭ شىردىن قورققان تۈلكىدەك قاچقانلىقىنى تۆۋەندىكى شېئىر بىلەن جانلىق ئىپادىلىگەن:

تۈزۈپ تىيرى بارانلىق ئەتمەك فەننى،
قىلىپ پارە ـ پارە ئەدۇۋ جەۋشەننى.
ئۇرۇپ خەيلى ئەئداغە شەمشىرۇ تىير،
چىقارىپ ئۇلار جانىدىن مىڭ نەفىر.
تۇرالماي ھەمە دۈشمەن ئەتتى فەرار،
كى شىر ئالدىدا تۈلكەگە نى قەرار.
(661 ـ بەت)

2. ئاپتور رۇبائىي قاتارلىق ئىخچام شېئىرىي شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەر، شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىگە بولغان ئۆز كۆزقارىشى، باھاسىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە شۇ شەخسلەرنىڭ ھاياتىي پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا پەند ـ نەسىھەت، ئىبرەت خاراكتېرىدىكى پەلسەپۋى ئەقلىي يەكۈنلەرنى چىقارغان. مەسىلەن:

زالىم چۇ كەتتى، قالدى يامان ئاتى پايدار،
ئادىل گەر ئۆلدى، ياخشى ئاتى قالدى يادگار.
قارۇنكى ئۆلدى، بار ئىدى قىرىق ئۆي خەزىنەسى،
نۇشىرۋاننى ئۆلدى دېمە، ياخشى ئاتى بار.
(692 ـ بەت)

بۇ شېئىر قەشقەردە زالىملىق بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن چىقىرىلغان پەلسەپۋى يەكۈندىن ئىبارەت بولۇپ، ئاپتور بۇ بىر كوپلېت شېئىرى بىلەن ئابابەكرى مىرزىدەك زالىم پادىشاھلارنىڭ ھامان ھالاكەتلىك تەقدىرگە يولۇقىدىغانلىقى، گەرچە قارۇندەك شۇنچە كۆپ مال ـ دۇنياسى بولسىمۇ، بەربىر ئەسقاتمايدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن پەقەتلا يامان نام قالىدىغانلىقى؛ ئادىل، ھەققانىي پادىشاھلارنىڭ ياخشى نامى نۇشىرۋان شاھتەك خەلق كۆڭلىدە مەڭگۈ يادلىنىپ ئۆچمەيدىغانلىقىدەك ئەقلىي يەكۈننى ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ جانلىق ئوتتۇرىغا قويغان ۋە پادىشاھلارنى ئادىل، ھەققانىي بولۇشقا ئۈندىگەن.

ئاپتور موغۇللارنىڭ ھەسار خەلقىگە كۆپ زۇلۇم قىلغانلىقى، كېيىن ئەبەيدۇللاخاندىن قاتتىق زەربە يەپ جازاسىنى تارتقانلىقىنى بايان قىلىپ، بۇ ۋەقەلەرگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، باشقىلارغا زۇلۇم قىلغۇچى، يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ «زۇلۇم بالانى كەلتۈرەر» دېگەن ماقالدا ئېيتىلغاندەك، ئاخىر ئۆز جازاسىنى تارتىدىغانلىقى، شۇڭا باشقىلارغا كۆپرەك ياخشىلىق قىلىش، زۇلۇم قىلماسلىق كېرەكلىكىنى

تۆۋەندىكى بىر بېيىت شېئىر بىلەن ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

يامانلىق قىلما، تاپقايسەن ئامانلىق،
يامانلىقنىڭ جازاسىدۇر يامانلىق.
(575 ــ بەت)

ئاپتور يەنە يامانغا ياخشىلىق قىلىش، ياخشىغا يامانلىق قىلغانلىق بىلەن باراۋەر دەپ كۆرسىتىدۇ:

يامانغە ياخشىلىق قىلماق بىتەھقىق،
ئېرۇر ياخشىغە قىلغاندەك يامانلىق.
(841 ــ بەت)

3. مىرزا ھەيدەر كۆپ جەڭلەرنى كۆرگەن، پىشقان سەركەردە، ئالىي ھەربىي قوماندان بولغاچقا، بەزى شېئىرىي پارچىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ جەڭ قىلىش تاكتىكىلىرى، جەڭ سەنئىتى ھەققىدىكى قىسمەن ھەربىي كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

كى بولغۇنچە تەدبىر ئىلە كار ھەل،
ئەدۇ بىرلە بىھۇدە قىلمە جەدەل.
(823 ــ بەت)

چۇ تەدبىر ئىلە مۇشكىل ئولغۇسى ھەل،
كى بىھۇدە تاپمە ئەدۇدىن خەلەل.
(980 ــ بەت)

كونىلاردا «ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دېگەن ماقال بار. بۇ ماقال ھەرقانداق ئۇرۇشنىڭ مەلۇم تەدبىر، چارە ۋە ھىيلە ــ مىكىر بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى، ھەرقانداق جەڭدە تەدبىرنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. دېمىسىمۇ تەدبىر ھەرقانداق جەڭدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، دۇنيا تارىخىدا تەدبىر ئارقىلىق ئاز قوشۇن بىلەن كۆپ قوشۇننى يەڭگەن مەشھۇر جەڭلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ شۇنىڭ دەلىلىدۇر. مىرزا ھەيدەرمۇ يۇقىرىقى شېئىرىدا تەدبىرنىڭ مۇھىملىقى، تەدبىر تاپماي تۇرۇپ، يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلماسلىق كېرەكلىكى، ياخشى تەدبىر بىلەن ھەرقانداق قىيىن مەسىلىنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئاپتور ئۇرۇشتا پۇرسەتنىڭ مۇھىملىقى، ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، دۈشمەنگە رەھىم قىلماسلىقنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ ۋە دۈشمەنگە رەھىم قىلىش ئاخىر ئۆزىنى گوللىغانلىق دەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

دەست بەردەستۇ مارى بەر سەرى سەڭ،
خىيرە رايى بۇۋەد قىياسى ئۆزەڭ.
(989 ــ بەت)

(قولۇڭدا تاش، يەنە بىر تاش ئۈستىدە بار يىلان، پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىساڭ، دېمەك، ئۆزۈڭ گول ـ نادان.)

ئاپتور يەنە دۈشمەن ئالدىدا تەمكىن بولۇش، ۋەھىمە ھېس قىلماسلىقنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. مىرزا ھەيدەرنىڭ نەزىرىچە، دۈشمەن ئالدىدا قانچە ۋەھىمە ھېس قىلغانسېرى ئاز دۈشمەنمۇ شۇنچە جىق كۆرۈنۈپ، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى، ئەكسىچە دۈشمەن ئالدىدا قانچە تەمكىن بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندا، دۈشمەن ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەرلەپ، توغرا تەدبىر بەلگىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئەگەر، دۈشمەنگە ھەقىقەتەن كۈچى يەتمىسە ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇپ، ياخشى پۇرسەت كۈتۈش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

كىشىكىم ئاڭا يەتسە ۋەھىمۇ ھەراس،
بىرىن يۈز، يۈزىنى مىڭ ئەتكەي قىياس.
(659 ـ بەت)

تۇ بەئەنجام كارى خۇش نەگەر،
تا نەباشاد بەجانەت ھېچ خەتەر.
قۇۋۋەتى ئىنتىقام ئەگەر نەبۇد،
ھەمچۇ مارى بىخۇد ھېچ دىگەر.
(1040 ـ بەت)

(پۈتمىسىمۇ ئىشلىرىڭ ياخشى ئەگەر، يەتمىسۇن ئەزىز جېنىڭغا ھېچ خەتەر. ئىنتىقامغا قۇۋۋىتىڭ يەتمىسە، كۈت، خۇددى بىھوش يىلاندەك قىل سۈكۈت.)

4. مىرزا ھەيدەر بەزى شېئىرىي پارچىلاردا بىرقىسىم شەخسلەرنىڭ نامۇۋاپىق ھەرىكىتىنى قاتتىق تەنقىدلەپ، ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى، ئىچكى ئازابلىرىنى، زاماندىن زارلىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. بولۇپمۇ، سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر باياندا بۇ خىلدىكى شېئىرىي پارچىلار كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئەي دەرۇنەتى سىياھ ھەمچۇ بىرۇن،
ئەي سىيەھ رويى ئەندەرۇنۇ بىرۇن.
(1024 ـ بەت)

(ھەي ئىچىڭدۇر تېشىڭ كەبى قاپقارا، ئىچ ـ تېشىڭدۇر يۈزۈڭ كەبى قاپقارا.)

ئاپتور بۇ بىر بېيىت شېئىرى ئارقىلىق ئابدۇرەشىد خاننى قايمۇقتۇرۇپ، سەييىد مۇھەممەد مىرزا، ئەلى سەييىد قاتارلىق بىگۇناھ ئەمىرلەرنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان مىرزا ئەلى تاغاي، مۇھەممەد بارلاس قاتارلىق تۇزكور ئەمىرلەرنى قارا يۈز، ئىچى ـ تېشى قاپقارا، گۇناھ بىلەن تولغان دەپ قاتتىق قامچىلايدۇ. ھەمدە ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ مۇناپىق ئەمىرلەرگە ئالدىنىپ، ئىشىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى سۈرۈشتۈرمەيلا سەييىد مۇھەممەد مىرزا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىدەك قىلمىشىدىن قاتتىق ئاغرىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئازابىنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەيدۇ:

ئان جەفا پىشەكى سەد داغى جەفا سوختە بۇد،
يارەب، ئىن جەۋرۇ جەفا رازكى ئاموختە بۇد.
(1042 ـ بەت)

(ئۇ جاپاكار كۆيدۈرۈپ، قىلدى جاراھەت تەنلىرىم، ئەي خۇدا، كىمدىن ئۆگەندى بۇ ھۈنەرنى، بىلمىدىم.)

ئابدۇرەشىد خان سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلتۈرگەن ۋاقىتتا، مىرزا ھەيدەر يەنىلا تىبەتتە ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. مىرزا ھەيدەر مۇشۇ مەزگىلدە تاغىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئارقىدىنلا «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، مىرزا ھەيدەرنىڭ قېرىنداشلىرىدىن مەھمۇد مىرزا، ئابدۇللا مىرزىلار جەڭدە يارىلىنىپ ۋاپات بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مىرزا ھەيدەر ئابدۇرەشىدخاندىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ئۆزىگە شۇنچە كۆلپەتلەرنى ئاتا قىلغان تەتۈر پەلەكتىن زارلىنىپ، زامانغا ئاھ ئۇرىدۇ:

ئەي چەرخى پەلەك، دەستىڭدىن يۈز ئاغۇ پىغان،
تۈزكۈركىم، ۋاپاداركىم؟ تونۇمايسەن ھامان.
دەردمەن دىلىمغا ئازار بېرىشتۇر ھەممە ئىشىڭ،
ئالدىڭدا پەرىشتە بىلەن شەيتان يەكسان.
(1043 ـ بەت)

5. ئاپتور ئوتتۇرا ئەسىردىكى قويۇق دىنىي مۇھىتتا ياشاپ ئۆتكەن كامىل مۇسۇلمان بولغاچقا، ئۆز ئەسىرىدە بىر قىسىم شېئىرىي پارچىلار ئارقىلىق ئاللانى، ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدنى ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنى مەدھىيىلەيدۇ. ئاپتور يەنە ئاز ساندىكى شېئىرىي پارچىلىرىدا بىر قىسىم پادىشاھ ۋە باشقا شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ياخشى ئارزۇ، تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. (سەھىپە مۇناسىۋىتى بىلەن مىسال قىسقارتىلدى)

ئومۇمەن ئالغاندا، «تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلار سان جەھەتتىن كۆپ، شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى سەرخىل بولۇپ، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**

[1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان (مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت نەشرگە تەييارلىغان): «تارىخى رەشىدىي»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.


[2] شەرەفىددىن ئەلى يەزدى: «زەپەرنامە»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

[3] شېرىپىددىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»(1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

[4] ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى»(1)، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

[5] مانو ئېيجى (بارىجان زەپەر تەرجىمىسى): «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ماتېرىيال مەنبەسى ھەققىدە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 6 ـ سان.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن توختاملارنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

گۈلئايىم ياقۇپ

يېزىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئىشلىتىپ توختامنى خاتىرىلىگەن، ئۇيغۇرلارمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان كۆپ قېتىم يېزىق ئالماشتۇرغان مىللەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى ئۇيغۇرلار تارىختا قوللانغان يېزىقلارنىڭ بىرى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن چاغاتايچە توختاملارنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا توختىلىمىز. ئورخۇن دەۋرىدىكى تۈركىي ئەدەبىي تىلغا بىۋاستە ۋارىسلىق قىلغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس يېزىقىنى يەنى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ مەشھۇر بولغان يېزىقىنى يارىتىپ 11 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئەدەبىي تىل تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە غايەت زور ئىناۋەتكە ئېرىشىپ، بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى مۇساپىسىدە قوللىنىلدى. 10 ـ ئەسىردىن كېيىن قاراخانىيلار زېمىنىدا ئىدىقۇت ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىسلام شارائىتىدىكى بىر ۋارىيانتى «خاقانىيە تىلى» شەكىللىنىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق يېزىق ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلدى. خاقانىيە تىلى 13 ـ ئەسىردىن كېيىن «كاشغەر تىلى» دەپ ئاتىلىپ قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قوللىنىلدى. چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەكىردى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا قوللىنىلىۋاتقان «كاشغەر تىلى» بىلەن ئىدىقۇت ئەدەبىي تىلىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. نەتىجىدە 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ فونېتىكا، گراماتىكا ۋە ئاساسىي لۇغەت فوندى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاش بىلەن بىللە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ خېلى زور دەرىجىدىكى تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر يېزىق ئەدەبىي تىلى ــ «چاغاتاي تىلى» شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ ئەدەبىي تىل 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە مۇكەممەل ئىپادىسىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ كلاسسىك دەۋرىگە كىردى. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن بولۇپمۇ ئۆزبېك خەلقى تەرىپىدىن قوللىنىلغان ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ جانلىق تىلىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش يۈزىسىدىن تاكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شەكىللىنىشكە باشلىغانغا قەدەر داۋاملاشتى. مانا بۇلاردىن چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ بىر باسقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.»[1]

14 ـ ئەسىردە چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋېلىپ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغان. چىڭگىزخان ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق جايلارنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. شۇ چاغدا ماۋەرائۇننەھر (ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر

دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى جايلار)، يەتتەسۇ رايونى (بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، پامىر ئەتراپلىرى ۋە شىنجاڭ رايونى) چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بۆلۈپ بېرىلگەن. چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن مىلادىيە 1242 — 1306 - يىللىرىدا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ رايونلارنى بىر خانلىق قىلىپ ئۇنى «چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتىغان. كېيىن چاغاتاي خانلىقى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ ماۋەرائۇننەھر قىسمى «غەربىي چاغاتاي خانلىقى»، يەتتەسۇ رايونى بىلەن ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمى «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» ياكى «موغۇلىستان خانلىقى» دەپ ئاتالغان. چاغاتاي ئەۋلادلىرى قانداق نام ئاستىدىكى خانلىقلارنى قۇرۇشتىن قەتئىينەزەر «چاغاتاي تىلى» دېگەن نامدىكى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى قوللانغان. شۇڭا ئۇيغۇر يېزىق تىلىمۇ «تۈركىي تىل»، «تۈركچە» دەپ ئاتىلىش بىلەن بىر قاتاردا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان. بۇ تىل شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلى بولۇش بىلەن بىللە، چاغاتاي ئەۋلادلىرى قۇرغان خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمەت تىلى ھەم شۇ خانلىقلارنىڭ تەۋەسىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

ھازىرغىچە تېپىلغان چاغاتايچە ھۆججەتلەر ئىچىدە ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا ئائىت ھۆججەتلەر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۆز زامانىسىدىكى قانۇن ياكى دەلىل ئىسپاتلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا دائىر بىر تۈركۈم ھۆججەتلەر يۇقىرى تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، جۇملىدىن جەمئىيەت، سىياسىي، ئىقتىساد، سودا - سېتىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. چاغاتايچە ھۆججەتلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھاياتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىكىنى ئىنكاس قىلىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك ئېلىم - بېرىم مۇئامىلىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تۈرلۈك مەزمۇندا بولۇشى ئىقتىسادىي ھاياتنىڭ كۆپ مەسىلىلىرىنى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئۆگىنىشتە تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار قاتارىدىكى چاغاتايچە ھۆججەتلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. مەن ئۇچراتقان ھۆججەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى 18 — 19 - ئەسىرلەردىكى ھۆججەتلەر بولۇپ بۇ ھۆججەتلەر 18 — 19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى نۇرغۇن ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ، ئوخشىمىغان سىنىپ، ئوخشىمىغان قاتلامدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى، ئىقتىساد، قانۇن ئېڭىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئەينى دەۋردە جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان توختامدىن ئىبارەت شەكىل ئارقىلىق خەلق ئارىسىدىكى ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىسى. بۇ خىل ھۆججەتلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئادىل، مۇۋاپىق، ئۆز رازىلىقى بويىچە بولۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۆزى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش، مۇناسىۋەتنى تەڭشەش، ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداش ئارقىلىق جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشتەك مەقسىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەلۋەتتە بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىقنى ئەلا بىلىدىغان، ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت گۈزەل ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

قولىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم ھۆججەتلەر ۋە بۇ ھۆججەتلەرنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى ھەم ئەكس ئەتتۈرگەن ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردا فېئودال ئىگىلىك ئاستا - ئاستا ئاجىزلىشىشقا يۈزلەنگەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى نامرات، جاپالىق. يەر ئېلىپ - سېتىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى

دېھقانلارنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى، ۋەخپە يەرلەرنىڭ بارغانسېرى كېڭەيگەنلىكىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

خۇسۇسىي يەرلەرنى ئەركىن ئېلىپ ــ سېتىش ئەينى چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ كۆپ ساندىكى سېتىش ــ سېتىۋېلىش توختاملىرىغا قارايدىغان بولساق بۇ خىل سودا ئاساسلىقى پۇلغا يەرنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. يەنە بەزى ھۆججەتلەردە ئاشلىق قاتارلىق ئەمەلىي نەرسىلەرگىمۇ ئالماشتۇرۇلىدىغانلىقىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل سودا مۇناسىۋەتتى يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى چۈشەندۈرگەندىن باشقا ئاۋام پۇقرا بىلەن يۇقىرى قاتلام تەبىقىسى ئوتتۇرىسىدىكى يەر سېتىۋېلىشقا يوشۇرۇنغان مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ئېچىپ بېرىدۇ. يەر ساتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئاز مىقداردا يەر ئىگىلىگەن دېھقانلار بولۇپ ئۇلارنىڭ يا ئۇرۇقلۇقى يوق ياكى ئىجارە ھەققىنى تاپشۇرالمىغاچقا ئۆزىگە تەۋە بولغان بىر قىسىم ياكى ھەممە يېرىنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. يېرىدىن ئايرىلغان دېھقانلار نەتىجىدە پەقەت باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلەيدۇ ياكى باشقا يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. يەر سېتىۋالغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى باي، بەگ، خوجا، خەلىپە، ئىشان، موللا قاتارلىق فېئودال يەر ئىگىلىرى ياكى دىنىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا تەۋە كىشىلەردۇر.

## 1. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن توختاملارنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن توختاملار ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراس بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزمۇن جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچىدىن، توختاملارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ ئۆي ــ زېمىن ئېلىش، سېتىش، يەر ئېلىش ــ سېتىش، قەرز پۇل ئېلىش ــ بېرىش، ئىجارىگە ئېلىش ــ بېرىش، يەر ئالماشتۇرۇش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، گۆرۈگە قويۇش، بالا بېقىۋېلىش، نىكاھ (ئاجرىشىش)، ۋەخپە، مىراس بۆلۈپ بېرىش ۋە مىراس بۆلۈشۈۋېلىش قاتارلىقلار بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، ئۆرپ ــ ئادىتى، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىرىنچى قول خام ماتېرىيالدۇر.

ئىككىنچىدىن، چېتىلىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭرى. تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سودا، ھۆججەتشۇناسلىق، ئىسىمشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرگە چېتىلىدۇ. مەسىلەن:

تارىخقە مىڭ ئىككى يۈز قىرىق توققۇز تاخۇ يىلى زۇلھەججە ئايىنىڭ ئون توققۇزى پەنجشەنبە كۈنى نىياز خاجە ئانداغ ئىقرارى سەرئى ۋە ئېتىراف شەرئى قىلدىكىم، مەنكى نىياز خاجەدۇرمەن. شەھەر تاشى كوھنە كۆلاھ بازارىداقى بەش ئىشىكلىك ئۆي، بەش ئۆيلۈك سەھنە، بىر دەرۋازەسى بىرلە توختە خاجە بىرلە شېرىك ئوشۇر خاجەدىن ئالىپ ئىدۇك.ئەلھال مەن نىياز خاجە قوبۇل ئەز قىسمەت ئۇشبۇ مەزكۇر ئۆي، سەھنە، دەرۋازەدىن ماڭا تېگىشلىك رەسدىمنى ئۆز رىزا ۋە رىغبەتىم بىرلە ئۆز شېرىكىم توختە خاجەغە قىرىق بەش تەڭگەگە ساتتىم. مەزكۇرقىرىق بەش تەڭگە پۇلنى بىباقىي قولۇمغە ئالدىم. مېنىڭ مەزكۇر بەش ئىشىكلىك ئۆي، بەش ئۆيلۈك سەھنە، بىر دەرۋازەدە ھېچ تەرىقە ھەققىم قالمادى. مەزكۇر ئۆي سەھنەلەرنىڭ ھۇدۇدى ئەربىئەسى مەشرىق تەرەفى راھى ئام كوچە؛ شىمال تەرەفى تۇردى باينىڭ ئۆيى، فاسىلە: تام؛ يەنە مەشرىق تەرەفى يەنە تۇردى باينىڭ ئۆيى، فاسىلە: تام؛ يەنە جەنۇب تەرەفى تۇردى باينىڭ ئۆيى، فاسىلە: تام؛ يەنە مەشرىق تەرەفى راھى ئام كوچە؛ شىمال تەرەفى موللا سامساقنىڭ ئۆيى، فاسىلە :تام؛ مەغرىب تەرەفى فەسىل. جەنۇب تەرەفى مۇھەممەد سەييىدنىڭ ئۆيى، فاسىلە: تام②.

ھۆززارى مەجلس: ئەبدۇقادىر رەھمەت سۇفى، توختە يۇسۇف، قۇتلۇغ باي، موللا ئەرز يۇقىرىقى ھۆججەتنى ئىسىمشۇناسلىق، سودا، ئىقتىسادشۇناسلىق، جۇغراپىيە، قانۇنشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

## 2. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن توختاملارنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن توختاملار قۇرۇلما جەھەتتىن روشەن ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

بىرىنچىدىن، توختامنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىرلىككە كەلگەن. بۇ ۋەسىقە، تەۋلىيىلەر ئەدەبىي يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئاساسەن ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ۋەسىقىلەرنىڭ باش قىسمىغا ئالدى بىلەن ۋەسىقە يېزىلغان يىل ـ مۇچەل، ھىجرىيە مۇچەل، ئاندىن ئاي، كۈن، بەزىدە ۋەسىقە يېزىلغان ئورۇن خاتىرىلەنگەن، توختاملاشقۇچىلارنىڭ ئىسمىنى يېزىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ جەمەتى يېزىلىدۇ، ئادەتتە ئاتا ـ بالا بىر ئەۋلاد يېزىلىدۇ. مەسىلەن، «مەنكى بىجاغلىق قۇتلۇغيار سۇفىنىڭ ئوغلى ئۆمەر يۈزباشىدۇرمەن»③، «ئەزىم چوڭنىڭ قىزى مايسە بىبىدۇرمەن...» دېگەندەك. ئەگەر ئەمەل مەنسەپ ئىشلىرىغا قاتناشقان بولسا مەنسىپى قوشۇپ يېزىلىدۇ. «ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەسىقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، ۋەسىقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەب، سېتىلغان ياكى ئارىيەتكە ئېلىنغان نەرسە، مىقدارى، باھاسى، سېتىلىش ۋە تاپشۇرۇۋېلىش ئۇسۇلى، ئورنى، ۋاقتى، دائىرىسى، پاسىلى، قەرزنىڭ قايتۇرۇلۇش ۋاقتى، ئۇسۇمى، جازاسى، ئىككى تەرەپنىڭ ۋەدىلىرى... يېزىلغان، بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى. ھۆججەتلەر مۇشۇ مەزمۇنغا ئاساسەن تۆرگە ئايرىلغان بولسىمۇ ئوخشاش تۆردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنىدا ئۆزگىچىلىكلەر بولۇشى مۇقەررەر، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، ئېلىم ـ سېتىم تۈرىدىكى ھۆججەتلەردە توختام پۈتۈلگەن ۋاقىت يېزىلغاندىن كېيىن ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئىسمى، سېتىلغان يەر ياكى ئۆينىڭ كۆلىمى، سېتىلغان يەر ياكى ئۆينىڭ باھاسى، پاسىلى، يەر ياكى ئۆينى سېتىۋالغۇچىنىڭ ھەقنى ساتقۇچىغا بەرگەنلىكى، يەر ياكى ئۆي ساتقۇچىنىڭ ھەقنى ساق تاپشۇرۇۋالغانلىقى، بۇ يەر ياكى ئۆينىڭ سېتىۋالغۇچىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەنلىكى، يەر ياكى ئۆي ساتقۇچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يەر ياكى ئۆينى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇپ دەۋا قىلسا شەرىئەتتە دەۋاسىنىڭ ئاقمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئاخىرقى قىسمىدا ھۆججەتلەشكۈچى ئىككى تەرەپنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى، ئىسمى، گۇۋاھچىلارنىڭ ۋە ھۆججەت يازغۇچىنىڭ ئىسمى، مۆھۈر ـ تامغىلىرى، گۇۋاھچىلارنىڭ تامغىلىرى بېسىلغان»④. بۇ توختاملارنىڭ گەرچە مەلۇم قائىدە بويىچە ئۆلچەملەشكەن شەكلى بولمىسىمۇ، ئەمما مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ خىل شەكىل ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. ئادەتتە توختامنىڭ باش تەرىپىدە ئىمانغا بولغان مۇھەببىتى، خۇداغا ۋە پەيغەمبەر ـ ئەۋلىيالارغا بولغان سىغىنىشىنى ئىپادە قىلىدۇ، بەزىدە شەرىئەتنى توختام تۈزۈشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن شەرىئەت قائىدىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئاساسىي مىزان قىلغان. ئەلۋەتتە، توختاممۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىغان. توختام تۈزۈشكۈچىلەر چوقۇم ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا مەسئۇل بولۇشى، شەرىئەتنىڭ قائىدە ـ ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇشى شەرت. توختامغا خىلاپلىق قىلىشقا ياكى يالغان گەپ قىلىشقا شەرىئەتتە يول قويۇلمايدۇ. ھۆججەت بەرگۈچىنىڭ ئىسمى، ئاتا جەمەتى، سالاھىيىتى، توختام تۈزمەكچى بولغان ئىشنىڭ جەريانى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «بۇ خىل بايان قىلىش چوقۇم ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى كېرەك. ئادىل، مۇۋاپىق، ئىختىيارىي بولۇش

پرىنسىپىغا ئاساسەن توختام تۈزۈلگەندىن كېيىن، ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن. توختامدا ئادەتتە ھىجرىيە كالېندارى قوللىنىلىدۇ، ۋاقتىنى باش تەرىپىگە يېزىشقىمۇ، ئاخىرىغا يېزىشقىمۇ بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا گۇۋاھچىلار ئىمزاسى قويۇلۇپ، تامغا بېسىلغاندىن كېيىن توختام تۈزگۈچى تەرەپلەر ساقلايدۇ. ناۋادا توختامنى ساقلىغۇچى ئۆلۈپ كەتسە ۋارىسلىرى ساقلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن توختامنىڭمۇ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بولىدۇ»⑤.

ئىككىنچىدىن، ئادەتتە توختاملارنى جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزىدىغان گۇۋاھچىلار بولغان. جامائەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. «جامائەت گۇۋاھلىقى خۇسۇسىي گۇۋاھلىقتىن بارلىققا كەلگەن. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشلار مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمايدىغان بولسا، جېدەل - ماجىرانىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. كىشىلەر ئۆي - جاي، يەر ئېلىپ-سېتىش، ئۆي ۋە مال - مۈلۈكلەرنى بۆلۈشۈش، ۋەسىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، مۇھىمراق قەرز ئېلىش - قەرز بېرىش قاتارلىق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتكە ئائىت ئىشلاردا ئىسپات بولسۇن ئۈچۈن ، قورۇق، ئاساسسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەمىشە يېزىق ئاساسىنى تۇرغۇزۇپ گۇۋاھچىلارنى ئۇنىڭغا ئىمزا قويۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ»⑥. گۇۋاھچىلارغا سان چەكلىمىسى قويۇلمىغان. بەزى ھۆججەتلەرگە ئىككى، ئۈچ كىشى ئىمزا قويغان، بەزىلىرىگە ئوتتۇز - قىرىق ئادەم ئىمزا قويغان. توختامدا گۇۋاھچى بولغان كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىدىن قارىغاندا يۇرت ئاقساقاللىرى، تۆرە، باي، يۈزبېشى، مىڭبېشى، دىنىي ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقانلارمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرمۇ گۇۋاھچى بولغان. ئۇيغۇرلار ئادەتتە گۇۋاھچىلارنى چوڭ بىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەل ئارىسىدا ئورنى، ئىناۋىتى بار، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر چىقىپ توختامغا گۇۋاھچى بولسا توختامنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئوخشاش بىر دەۋردە، ئوخشاش بىر جايدا تۈزۈلگەن توختامغا قارايدىغان بولساق بەزى گۇۋاھچىلار تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىمىن موللام، ئۆمەر ئاخۇن، ئىبراھىم ھاجىم ... ئېنىقكى بۇ كىشىلەر يەرلىك خەلق ئارىسىدا بىرقەدەر يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بولغاچقا، كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ گۇۋاھچىلىق سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان.

ئۈچىنچى، مەھكىمە شەرئى مۇھىم رول ئوينىغان. «مەھكىمە شەرئى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ئورگىنى بولۇپ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى قازى، يەنە بەزىدە قازى كالان دەپ ئاتىلىدۇ. ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك شەرىئەت سۆزى ئۇچراپ تۇرىدۇ»⑦. بەزىلىرى مەھكىمە شەرئى گۇۋاھچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ تۈزۈلگەن توختامغا تامغا باسقان ھۆججەت. بەزىلىرى ھەكەملەر سوتى تالاش - تارتىش قىلىپ، ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن، ئالاقىدار تەرەپلەر ھۆكۈمنى ئېتىراپ قىلىدىغان ھۆججەت. بەزىلىرى مەھكىمە شەرئى بىۋاسىتە ھۆكۈم چىقارغان ھۆكۈمنامە بولۇپ، بۇلار ئەينى دەۋرنىڭ قانۇن - قائىدىلىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆتىنچىدىن، توختاملارنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى ۋە ئۈنۈملۈك ۋاقتى. توختاملار يېزىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن كۆپىنچە بىرىنچى شەخس بىرلىك شەكلىدە «مەنكى» دەپ بايان قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ مۇتلەق ئەمەس، كۆپچىلىك بىللە تۈزگەن توختاملاردا كۆپلۈك شەكلىدە «بىزلەركى» دەپ بايان قىلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن، «مەنكى قاراقاش تابىئەسى تۆرت كەنتىدىن روزى ئاخۇند ۋەلەدى ھاتەم موللىدۇرمەن»⑧، «بىزلەركى موللا مەمەت، موللا يۈسۈفلاردۇرمىز»⑨ دېگەندەك. توختامنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتىغا كەلسەك سېتىش - سېتىۋېلىش تۈرىدىكى توختاملاردا كۆپىنچە ئۆمۈرۋايەت دېگەن ئەدەبىي سۆز ئىشلىتىلگەن. بۇ توختامنىڭ مۇقەددەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. باشقا توختاملاردا مەسىلەن، ئىجارە

توختامى، قەرز توختامى، هۆددە توختامى قاتارلىقلاردا بىر يىل ياكى ئىككى يىل دېگەندەك كونكرېت ۋاقىت چەكلىمىسى بېكىتىلگەن.

تەتقىقات قىممىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن توختاملار كۆپ تەرەپلەردىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

بىرىنچىدىن، ھەربىر ھۆججەتنىڭ يىل دەۋرى زامانىمىزدىن خېلى يىراق. ھۆججەتلەرنىڭ يىل دەۋرى ئۇزاق بولغاچقا ھەربىر ھۆججەت شۇ دەۋرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يازما ئىسپاتتۇر. ھۆججەتكە ئىشلەتكەن قەغەرنىڭ سۈپىتى، سىياھ قاتارلىقلار ئەينى چاغدىكى قەغەزچىلىك ۋە باشقا سانائەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ماددىي پاكىت. مەسىلەن، بەزى ھۆججەتلەر رەختكە، بەزى ھۆججەتلەر سامان قەغەزگە، يەنە بەزىلىرى خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان.

ئىككىنچىدىن، بۇ توختاملارنىڭ كۆپ قىسمى ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا دائىر بولغاچقا ئۇلارنىڭ قىممەتلىك دەرىجىسىمۇ يۇقىرى. بۇ ھۆججەتلەردىكى خەت نۇسخىسى ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى تامغا ئىزلىرى ئەينى چاغدىكى خەتتاتلىق، ئويمىچىلىق سەنئىتىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەمەلىي ئىسپاتلاردۇر. تامغىلار خىلمۇخىل شەكىلدە ئويۇلغان. يۇمىلاق شەكىلدە ئىز قالدۇرىدىغانلىرىمۇ، تۆت چاسا شەكىلدە، ئانار شەكىلدە، بادام شەكىلدە، قاپاق شەكىلدە ۋە باشقا شەكىللەردە ئىز قالدۇرىدىغانلىرىمۇ بولۇپ، ئىنتايىن نەپىس ھۆسنخەت ئويۇلغان. بۇلار گۈزەل سەنئەت ۋە ھۈنەر سەنئىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان قىممەتلىك پاكىتلاردۇر.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن توختاملار ئومۇمىي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. دەلىل ـ ئىسپات خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان بۇ توختاملار ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا جۈملىدىن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ توختاملار ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئىقتىسادىي ھەق تەلەپ قانۇن ئېڭى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ يېزىقچىلىق، خەت ـ چەك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتىمۇ مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

ئىزاھات:

① بارات رەجەپ نەشرگە تەييارلىغان «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى»، 2006 ـ يىلى نەشرى، 384 ـ بەت.

②⑧ ئىدرىس تۇرنىياز كۆكيار، تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش: «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىللىق 1 ـ سان، 26 ـ ،27 ـ بەتلەر.

③⑨ ئىدرىس تۇرنىياز كۆكيار، تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش: «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىللىق 2 ـ سان، 77 ـ، 78 ـ بەتلەر.

④ مۇھەممەتريھىم سايىت، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ بەت.

⑤⑦ ۋاڭ شۇلى، لى جىنشىڭ: «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ توختام ھۆججەت ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» 1994 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 8 ـ بەت.

⑥ ئابلەت ماموت: «ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان خەت ـ چەكلەر قوللانمىسى، ئالاقىلەر قانۇنىغا ئائىت خەت ـ چەكلەر»، 1988 ـ يىلى نەشرى، 397 ـ بەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# چوغلۇق

(چۆچەك)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بىر باي سودىگەر بولغانىكەن. ئۇنىڭ بىر - بىرىدىن گۈزەل ئۈچ قىزى بار ئىكەن، بولۇپمۇ كەنجى قىزىنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. ئاتىسى ھەممىدىن بەكرەك كەنجى قىزىغا ئامراق ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سودىگەر ئۇزۇن سەپەرگە تەييارلىنىپ، ئوتتۇرا دېڭىز ئەتراپىغا بارىدىغان بولۇپ قاپتۇ ۋە قىزلىرىنى چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سودا ئىشلىرى بىلەن سەپەرگە ئاتلانماقچى. قاچان قايتىپ كېلىشىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. سىلەرگە نېمە سوۋغا ئەكېلىمەن؟ ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرەي، ياخشىراق ئويلىنىپ، خالىغىنىڭلارنى دەڭلار.

ئاچا - سىڭىللار ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئويلاشقاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. چوڭ قىزى ئاتىسىغا تەزىم قىلىپ:

— ئاتا، ماڭا كىيىملەرمۇ، دۇر - جاۋاھىراتلارمۇ ئەمەس، شۇنداق بىر تىللا قاش ئەكېلىڭكى، ئۇنىڭدىكى قىممەت باھا تاشلارنىڭ يورۇقى خۇددى قۇياشنىڭكىدەك بولسۇن، قاراڭغۇ كېچىدىمۇ ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇرسۇن، — دەپتۇ.

سودىگەر سەل ئويلانغاندىن كېيىن:

— بوپتۇ قىزىم، دېگىنىڭنى ئەكېلەي. سەن ئېيتقان تىللا قاش دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر مەملىكەتتە بار، ئۇ تاش خەزىنىدە يوشۇرۇپ قويۇلغان. خەزىنە ئېگىز قىيا ئۈستىدە، ئۈچ دانە تۆمۈر ئىشىكى بار، ئۈچ قۇلۇپ سېلىنغان. بىر تونۇشۇم ئۇنى ئېلىپ بېرەلەيدۇ. قانچىلىك قىيىن بولسىمۇ، سەن ئۈچۈن تىرىشىمەن، — دەپتۇ.

ئاندىن ئوتتۇرانچى قىزى تەزىم قىلىپ:

— ئاتا، ماڭا پەرىجەيۇ، دۇخاۋا - ماتالار، قىممەت باھا تېرىلەر، مەرۋايىت - مارجانلار ۋە چاراقلاپ تۇرىدىغان تىللا قاشلارمۇ كېرەك

ئەمەس، شەرق مەرمەر تېشىدىن ياسالغان بىر ئەينەك ئەكېلىمەك، ئۇنىڭغا قاراپ پۈتۈن دۇنيانى تاماشا قىلىشقا مۇمكىن بولسۇن. ئۇنىڭغا قارىسام كۈنسېرى ياشىرىپ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتەي، — دەپتۇ.

سودىگەر بۇ سۆزلەردىن كېيىن كىچىككىنە ئويلىنىپ قېلىپ:

— سېنىڭ قايسى ئەينەكنى دەۋاتقانلىقىڭنى چۈشەندىم، قىزىم. ئىراندا بىر تونۇشۇم بار، ئاشۇ تېپىپ بېرىدۇ. ئۇ ئەينەك ئىران قىزىنىڭ بولۇپ، ئۇنى جاھاننەما دەيدۇ، ئۇ، ئېگىز تاغ ئۈستىدىكى تاش قەلئەگە يوشۇرۇلغان، يەتتە قەۋەت تۆمۈر ئىشىك، يەتتە قۇلۇپ بىلەن ئېتىپ قويۇلغان، — دەپتۇ. نۆۋەت كەنجى قىزىغا كەپتۇ. ئۇمۇ ئاتىسىغا تەزىم قىلىپ، بۇ سۆزلەرنى دەپتۇ:

— ئاتا، ماڭا چىرايلىق لىباسلارمۇ، زىبۇ - زىننەتلەرمۇ، جاھاننەمامۇ ئەكەلمەڭ. ئەمما، شۇنداق بىر گۈل كەلتۈرۈڭكى، يەتتە ئىقلىمدا ئۇنىڭدىن چىرايلىقى بولمىسۇن.

ئاتا ئاۋۋالقىدىنمۇ چوڭقۇرراق ئويغا پېتىپتۇ. كېيىن قىزىنى ئەركىلىتىپ:

— ھە، سەن ماڭا ئاچىلىرىڭنىڭكىدىنمۇ ئېغىرراق بىر ۋەزىپە يۈكلىمىدىڭ. نېمە ئىزلەۋاتقىنىڭنى بىلسەڭغۇ، بىر ئاماللاپ ئىزدەپ تاپارسەن، ئەمما، بىلمىگەن نەرسەڭنى قەيەردىن تاپىسەن؟ قىزىلگۈللەر كۆپ تۇرسا ... ئۇنىڭ دۇنيادىكى ھەممە گۈللەردىن چىرايلىق ئىكەنلىكىنى قانداق بىلگىلى بولار؟ مەيلى، قىزىم، ئىزدەپ كۆرەي، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئاتا سەپەرگە مېڭىپتۇ. ماللارنى ئەرزان ئېلىپ قىممەت سېتىپتۇ. كۆرگەن پايدىسىغا تىللا ئېلىپ كېمىگە باسىدىكەنۇ، ئۇدۇل ئۆيىگە ئەۋەتىۋېتىدىكەن. مېڭىپ - مېڭىپ ناھايىتى كۆپ مەملىكەتنى كېزىپ، چوڭ قىزى بۇيرۇغان قىممەت باھا تاشلار بىلەن بېزەلگەن، قاراڭغۇ تۈننى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىدىغان تىللا قاشنى تېپىپتۇ. ئوتتۇرانچى قىزى ئۈچۈنمۇ پۈتۈن جاھاننى كۆرسىتىدىغان، قارىغاندا قىزىنىڭ جامالىنى تېخىمۇ گۈزەللىتىدىغان ئەينەكنى تېپىپتۇ. پەقەت، كەنجى قىزى ئېيتقان گۈلنى ھېچنەدىن تاپالماپتۇ. ئۇ نۇرغۇن شاھۇ سۇلتانلارنىڭ سارايلىرىدا تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز ئاجايىپ چۈغلۇق گۈللەرنى كۆپ كۆرۈپتۇ. لېكىن، ھېچبىر كىشى ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىقىنىڭ دۇنيادا يوقلۇقىغا كاپالەت بېرەلمىگەچكە ئۇنى ئالالماپتۇ.

سودىگەر خىزمەتكارلىرى بىلەن كارۋاننى باشلاپ، چۆل - باياۋانلار، ئورمانلارنى كېزىپ كېتىۋېرىپتۇ. يولدا تاسادىپىي ئۇلارغا بىر قاراقچىلار توپى ھۇجۇم قىلىپتۇ. سودىگەر مال - مۈلۈك ئارتقان كارۋاننىمۇ تاشلاپ ئورمانلىق ئىچىگە قېچىپتۇ. قېلىن ئورماننى ئارىلاپ يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قاپتۇ. بۇ بىر يايلاق بولۇپ، مانا شۇ يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالتىرىغان بېزەكلەردىن ھەتتا قۇياشمۇ ئۇيالغۇدەك، گۈزەللىكىدىن كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر كاتتا قەسىر نامايان بوپتۇ. قەسىرنىڭ ھەممە دېرىزىلىرى ئوچۇق بولۇپ، ئىچىدىن ئاجايىپ بىر كۈي ئارىلىپ چىقىۋاتقانىكەن.

سودىگەر ئوچۇق دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، قەسىرنىڭ ھويلىسىغا كىرىپتۇ. ئاندىن، قىزىل گىلەملەردىن پاياندار سېلىنغان مەرمەر پەلەمپەيدىن چىقىپ، بىرىنچى ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا ئۆيدە ھېچكىم يوق، قالغان ئۆيلەرمۇ بوش ئىكەن. ئەمما، ئۆيلەر شۇنداق كاتتا بېزەتىلگەنكى، ھەممىسى تىللا، كۈمۈش، مەرمەر، پىل سۆڭىكىدىن ئىشلەنگەنىكەن.

سودىگەرنىڭ ھەيرانلىقى بارغانسېرى ئېشىپتۇ. بۇنچىلىك كاتتا بايلىق بولغان بىلەن يا ئىگىسى يا بىرەر خىزمەتكارى يوق، تېخى

توختىماي مۇزىكا ياڭراپ تۇرىدىكەن...

«ھەي، يەيدىغان بىرەر نەرسىمۇ يوق ئىكەن» سودىگەرنىڭ خىيالىغا بۇ پىكىر كېلىشىگە ئالدىغا ئېچىل داستىخان پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىكى لەززەتلىك تائاملار، شېرىن - شېكەرلەرنىڭ ھەممىسى تىللا - كۈمۈش تاۋاقلارغا ئېلىنىپ، چىرايلىق قىلىپ تىزىپ قويۇلۇپتۇ. سودىگەر بۇلاردىن خالىغانچە يەپ قورسىقىنى توقلاپ بولۇشىغا داستىخان ئۆزىچە غايىب بوپتۇ.

بۇ مۆجىزىدىن ھەيران بولغان سودىگەر باشقا ئۆيلەرنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. كېيىن ھاردۇق يېتىپ ئۇيقۇ بېسىپتىكەن، كۆز ئالدىدا بىر بېزەلگەن كارىۋات پەيدا بوپتۇ. كارىۋاتقا يانپاشلىغان سودىگەر ئۇستىگە كۆرپىنى تارتقانىكەن، ئۇنىڭ شايى ماتادىن تىكىلگەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئۇيۇ قاراڭغۇلىشىپ، «ئەمدى چۈشۈمدە قىزلىرىمنى كۆرسەم ...» دېگەن خىيال بىلەن تەڭلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئۇ ئويغانسا، تاڭ ئېتىپ كۈن چىققانىكەن. چۈشىدە راستىنىلا قىزلىرىنى كۆرگەنمىش. چوڭ ۋە ئوتتۇرانچى قىزى خۇشال، پەقەت كەنجىسى خاپا ئىمىش. چوڭلىرى ئاتىسىنىڭ رازىلىقىنى كۈتمەي تۇرمۇشقا چىقىشماقچى بولغانمىش، كەنجىسى بولسا ئاتىسىنى ساقلاپ ئولتۇرغانمىش.

سودىگەر بۇ چۈشتىن ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. قارىسا يۇيۇنۇشقا سۇ، كىيىنىشكە ئالىي لىباسلار تەييارلاپ قويۇلغان. شىرەدە چاي، قەھۋە، شېكەرلەر تەق. ھەيرانلىقى بارغانسېرى ئېشىۋاتقان سودىگەر يەنە قەسىردىكى باشقا ئۆيلەرنى تاماشا قىپتۇ.

بۇ ئۆيلەر تېخىمۇ گۈزەل ئىكەن. ئۇنىڭ ھويلا ۋە باغلاردا سەيلە قىلغۇسى كېلىپ باغقا چىقىپتۇ، دەرەخلەردە سەرخىل مېۋىلەر پىشىپ قىيامىغا يەتكەن بولۇپ، «مېنى ئۈزۈۋال» دېگەندەك تەلپۈنۈپ تۇرۇپتۇ. تۆت ئەتراپتا ھەر خىل گۈللەر، جەننەت قۇشلىرى سايرىشىپ تۇرغان... دەل شۇ چاغدا سودىگەرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ تۇرغان بىر گۈلگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىز كېلىدىكەن. گۈلگە يېقىنلاشقان سودىگەر ئەجەبلىنىپ، ئۆز - ئۆزىگە:

— كەنجى قىزىم ئېيتقان گۈل شۇ بولۇشى مۇمكىن، — دەپ، ھاياجاندىن پۈت - قوللىرى تىترەپ كېتىپتۇ - دە، شارت قىلىپ گۈلنى ئۈزۈۋاپتۇ. ئەمما، شۇ ھامان چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، يەر - جاھان لەرزىگە كەپتۇ. ھايۋان دېسە ھايۋان ئەمەس، ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، بەتبەشىرە ۋە قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇق يەردىن ئۈنگەندەك پەيدا بوپتۇ - دە، قورقۇنچلۇق ئاۋازدا ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— نېمە قىلىپ قويدۇڭ؟ مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن گۈلۈمنى ئۈزۈشكە قانداق پېتىندىڭ؟! ئۇنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ساقلايتتىم، ئۇنىڭغا قاراپ ھۇزۇرلىناتتىم، مېنى ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسەمدىن جۇدا قىلدىڭ. بۇ قەسىرنىڭ، باغنىڭ ئىگىسى مانا مەن. سېنى ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ياخشىلىقىمغا بەرگەن جاۋابىڭ شۇمۇ؟ بىلىپ قوي، بۇ ئەيىبىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇمسەن!

سودىگەر مەخلۇقنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپتۇ:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ، جانابىي ئالىيلىرى. بىلمەي قىلغان گۇناھىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇماڭ. ئىككى ئېغىز ئەرزىمنى ئاڭلاڭ ... مېنىڭ ئۈچ قىزىم بار ئىدى. چوڭ قىزىمغا يالتىراق تىللاقاش، ئوتتۇرانچىسىغا جاھاننەما ئەينەكنى، كەنجىسىگە دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق چوغلۇق گۈلىدىن سوۋغا ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنىدىم، چوڭلىرىغا دېگىنىمنى تاپتىم، ئەمما ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كەنجى

قىزىمغا قانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىغانىدىم. سىزنىڭ بېغىڭىزدا مانا شۇ گۈلنى كۆردۈم، دۇنيادىكى بارچە گۈللەردىن ئەڭ چىرايلىقى شۇ، دېگەن پىكىرگە كەلدىم. كېيىن يەنە سىزدەك باي، قۇدرەتلىك خوجايىن ئۇنى قىزغانمىسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. بۇنىڭ ئورنىغا نېمە تۆلە دېسىڭىز تۆلەي، مېنى سۆيۈملۈك قىزلىرىم ئۈچۈن قويۇۋېتىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن.

— ماڭا سېنىڭ ھېچ نەرسەڭ كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ مەخلۇق، — مەيلى، چوغلۇق گۈلنى سوۋغا قىلىپ قويۇپ بېرەي. ئەمما، بىر شەرتىم بار، ئۇنىڭ ئورنىغا قىزلىرىڭدىن بىرىنى ھوزۇرۇمغا ئەۋەتىشكە ۋەدە بېرىسەن. ئۇنى ھەرگىز خاپا قىلمايمەن. ئۆزۈڭ كۆرگىنىڭدەك، بۇ قەسىردە خالىغانچە يايراپ ياشايدۇ. يالغۇزلۇقتىن زېرىكتىم، ماڭا بىر ھەمراھ كېرەك.

سودىگەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، مەخلۇقنىڭ ئاياغلىرىغا يەنە يىقىلىپ، يالۋۇرۇپتۇ. ئۇ ھېلىقى مەخلۇقنىڭ شۇنداق خۇنۇك بەتبەشىرىسىگە گۈزەل قىزلىرىنى قانداقمۇ راۋا كۆرەلىسۇن؟ ئۇ زار - زار يىغلاپ دەپتۇ:

— ئەي شاھىم، ئەگەر قىزلىرىم ئۆز خاھىشى بويىچە ئالدىڭىزغا كەلمىسىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قانداق كېلىشنىمۇ بىلمەيدۇ. مەن ئۆزۈممۇ ئىككى يىلدا ئاران يېتىپ كەلدىم. كەلگەن يوللىرىمنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم.

— ياق، — دەپتۇ مەخلۇق يەنە گەپ ئېلىپ، — ماڭا تۇتقۇن قىلىپ كېلىنگەن قىز كېرەك ئەمەس، ئەگەر، قىزلىرىڭ سېنى ھۆرمەت قىلسا، ئۆز رازىلىقى بىلەن كەلسۇن. ئۇلار خالىمىسا يەنە ئۆزۈڭ كېلىسەن. سېنى يەنە ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن. مېنى تېپىش قىيىن ئەمەس، مانا بۇ ئۈزۈكنى ئال، ئۇنى ئوڭ قولىنىڭ چىمەلتىكىگە تاقىغان كىشى كۆزىنى ئېچىپ - يۇمغۇچە ئىزدىگەن جايىدا پەيدا بولىدۇ. ساڭا ئۈچ كېچە - كۈندۈز مۆھلەت بەردىم.

سودىگەر يىغلا - يىغلا شۇنداق قارارغا كەپتۇ «ياخشىسى قىزلىرىمنى بىر كۆرەي، ئاندىن بىر گەپ بولسۇن، قىزلىرىم ئەگەر مېنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىشقا رازى بولۇشمىسا، ئۆزۈم قايتىپ كېلەرمەن.

سودىگەر شۇ قارار بىلەن مەخلۇق بەرگەن ئۈزۈكنى ئوڭ قولىنىڭ چىمچىلىقىغا تاقىغانىكەن، بىردەمدىلا ئۆز ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئەنە شۇ پەيتتە تىللا ۋە سەر - خىلماللار ئارتىلغان كارۋانلارمۇ يېتىپ كەلگەنىكەن. خىزمەتكارلار يۈكلەرنى چۈشۈرۈپتۇ. قىزلار خۇش بولۇپ ئاتىسىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. قارىسا ئاتىسىنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن، چوڭ قىزلار ئۇنىڭدىن:

— نېمە بولدى؟ مال - دۇنيالىرىڭىزنى يىتتۈردىڭىزمۇ، — دەپ سورىشىپتۇ. كىچىك قىزى بولسا:

— مېنى بايلىق قىزىقتۇرمايدۇ، يۈرىكىڭىزدىكى دەردنى ئېيتىڭ، ئاتا، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا سودىگەر سۆيۈملۈك قىزلىرىغا:

— ياق، بايلىق يوقاتمىدىم، خاپىلىقىمدا باشقا سەۋەب بار. ئۇنى كەچتە ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ ۋە خىزمەتكارىغا تۆمۈر ساندۇقنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. ئاتا چوڭ قىزىغا ئوتتا كۆيمەس، سۇدا ئاقماس تىللا قاشنى بېرىپتۇ. ئوتتۇرانچىسىغىمۇ شەرق مەرمەرىدىن ياسالغان ئەينەكنى سوۋغا قىپتۇ. كەنجىسىگە ئۆزى سورىغىنىدەك چوغلۇق سوۋغا قىپتۇ. چوڭ قىزلىرى خۇشاللىقتىن كۆزلىرى پارلاپ، سوۋغىلىرىنى ئېلىپ، ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشىپتۇ. كىچىك قىزى بولسا چوغلۇقنى كۆرۈپ، گويا يۈرىكىگە بىر نەرسە سانجىلغاندەك تولغىنىپ، يىغلىۋېتىپتۇ.

— قىزىم، ساڭا سوۋغام ياقمىدىمۇ، — دەپتۇ ئاتىسى، — ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك، يەتتە ئىقلىمدا يوق، ئەڭ چىرايلىق گۈلنى ئەكەلدىمغۇ؟

قىز گۈلنى ئاپتۇ ۋە ئاتىسىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئەمما، غەمگە پېتىپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگىنى سودىگەر چوڭ قىزىنى يېنىغا چاقىرىپتۇ. ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە قىزىدىن: «مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قېلىشقا رازى بولارسەنمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. چوڭ قىزى مەخلۇقنىڭ يېنىغا بېرىشنى قەتئىي رەت قىلىپ:

— قىزىلگۈل كىم ئۈچۈن ئەكېلىنگەن بولسا، سىزنى شۇ قۇتقۇزسۇن، — دەپتۇ. كېيىن ئوتتۇرانچى قىزى بىلەن شۇ سۆھبەتتە بولۇپ ئۆتۈپتۇ. ئۇمۇ ئاچىسىدەك جاۋاب بېرىپتۇ. سودىگەر ئاخىرىدا كەنجى قىزىنى چاقىرىپتۇ. ئۇنىڭغا بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى ئېغىتماي - تېمىتماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ تېخى گېپىنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، كىچىك قىزى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يۈكۈنۈپتۇ:

— ماڭا ئاقيول تىلەڭ ئاتا، گۈلنى مەن ئۈچۈن ئەكەلدىڭىز، ئاشۇ مەخلۇقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، سىزنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزاي.

سودىگەر كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا:

— جېنىم قىزىم، مېنى ئەجەل چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن دەھشەتلىك مەخلۇقنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقىنىڭ ئۈچۈن سېنى خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن. ئۇنىڭ قەسرىدە يالغۇز ياشايسەن، قەسىرنىڭ نەدىلىكىنى ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ. ئۇ يەرگە ئاتلىقمۇ، پىيادىمۇ، ئۇچار قاناتلار بىلەنمۇ يەتكىلى بولمايدۇ. ئەمدى سەن بىلەن خەۋەرلىشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، سېنى كۆرمەستىن، يېقىملىق ئاۋازىڭنى ئاڭلىماستىن قالغان ئۆمرۈمنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن؟ ئۆزۈمنى تىرىكلا كۆمگەندەك خەيرلىشىدىغان بولدۇم، — دەپتۇ. كەنجى قىزى ئاتىسىغا قاراپ:

— قايغۇرماڭ ئاتا، مەخلۇقتىن قورقمايمەن، ئۇنىڭغا ۋىجدانەن خىزمەت قىلسام، رازى بولۇپ قالسا، بەلكىم كۆرۈشۈپمۇ قالارمىز، — دەپتۇ.

كەنجى قىز قىزىلگۈلنى ئۆزى بىلەن ئەكېتىش نىيىتىدە تىللا سۈيى يۈگۈرتۈلگەن چىرايلىق بىر كوزىغا ساپتۇ - دە، سەپەر تەييارلىقىغا چۈشۈپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆتۈپتۇ، سودىگەر قىزىنىڭ قولىغا مەخلۇق بەرگەن ھېلىقى ئۈزۈكنى تاقىغانىكەن، قىز شۇ ھامان غايىب بوپتۇ. ئاتىسى ۋە ھەدىلىرى يىغلاپ قېلىشىپتۇ.

ئانچە ئۆتمەي قىز ئۆزىگە كېلىپ قارىسا، بىر ئالىي قەسىردە، نەقىشلىك كارىۋاتتا يېتىپتۇ.

قىز ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. يېنىدا كوزىدىكى چوغلۇق، ھەممە بۇيۇملىرى بولسا، چىرايلىق تەكچىلەرگە رەتلىك تىزىلغان ھالدا تۇرۇپتۇ. قىز قەسىرنى ئايلىنىپتۇ. ھەربىر ھۇجرا ئاۋۋالقىدىنمۇ گۈزەلرەك بېزەلگەنىكەن. ئۇ، قىزىلگۈلنى قولىغا ئېلىپ، باغنى تاماشا قىلغىلى چىقىپتۇ. جەننەت مىسال بۇ باغدا بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان، دەرەخ ۋە گۈللەر ئېگىلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلىپ تۇرغان، كۆللەر ۋە بۇلاقلاردىكى سۇلار يېقىملىق شىلدىرلىشىپ تۇرغانىكەن. قىز ئاتىسى ئېيتىپ بەرگەن جاينى تېپىپ، ھېلىقى گۈلنى ئۆزى ئۆسكەن جايغا تىكىپ قويماقچى بولغانىكەن، ئۇ ئويلاپ بولغۇچە چوغلۇق قولىدىن چىقىپ، ئۆزى ئۇچۇپ بېرىپ، ئۈزۈلگەن جايىغا قونۇپتۇ - دە، ئاۋۋالقىدىنمۇ چىرايلىق ئېچىلىپ، ياشناپ كېتىپتۇ.

قىزنىڭ بۇ مۆجىزىدىن ئەقلى لال بوپتۇ. گۈلگە يەنە بىرئاز ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ

تۇرغاندىن كېيىن، قەسىرگە كىرسە، ھۆجرىلاردىن بىرىگە داستىخان سېلىپ قويۇلغانىكەن. «خوجايىن مېنى ياخشى قوبۇل قىلدى بولغاي» دەپ ئويلىنىپ تۇرغانىكەن، ئالدىدىكى ئاق مەرمەر تامدا «مەن خوجايىن ئەمەس، سېنىڭ ئاددىي قۇلۇڭمەن، ئەي مەلىكەم، سەن نېمىنى خالىساڭ شۇ ھامان شۇ نەرسىنى تەييار قىلىمەن» دېگەن بىر خەت پەيدا بوپتۇ. قىز ئۇنى ئوقۇپ بولۇشى بىلەن تامدىكى سۆزلەر يوقاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە ئاچىلىرىغا مەكتۇپ يوللىغۇسى كەلگەنىكەن، شۇ ھامان ئالدىغا قەغەز، قەلەم، سىياھدانلار پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئولتۇرۇپ مۇنداق خەت يېزىپتۇ:

«مەندىن غەم يېمەڭلار. مەخلۇقنىڭ قەسرىدە، خۇددى مەلىكىلەردەك ياشاۋاتىمەن. ئۆزىنى تېخى كۆرمىدىم، ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىدىم، پەقەت، ئاق مەرمەر تامغا شۇنداق ئوتلۇق سەتىرلەرنى يازىدۇكى، كۆڭلۈمگە كەلگەن نىيەتنى دەرھال سېزىدۇ ۋە شۇ ھامان ئىستىكىمنى بەجا قىلىدۇ. مەن ئۇنى خوجام دەپ ئاتىماقچى بولسام خالىمايدۇ، ئەكسىچە مېنى ئۆزىنىڭ خوجايىنى دەپ ئاتايدۇ» قىز خەتنى ئەمدىلا يېزىپ بولغانىكەن خەت غايىب بوپتۇ.

داستىخان تۈرلۈك ـ تۈمەن نازۇنېمەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن. ئاستىدىكى چىنە ـ تاۋاقلارمۇ تىللادىن ئىكەن. قىز تويغۇچە يەپ ـ ئىچىپتۇ. دەم ئېلىش ئۈچۈن ياتقانىكەن، مۇزىكىنىڭ ئاۋازى پەسىيىپتۇ.

قىز تۇرۇپ يەنە باغلارنى سەيلە قىلىپتۇ. گۈللەر ئۇنىڭغا ئېگىلىدىكەن، ئالما ـ شاپتۇللار ئۆزى ئاغزىغا چۈشىدىكەن، كەچ كىرگەندە ئاشۇ ئاق تاملىق ھۆجرىغا قايتىپتۇ. تامدا يەنە بىر خەت پەيدا بوپتۇ: «تەڭدىشى يوق مەلىكەم ئۇشبۇ شارائىتلاردىن ۋە خىزمەتتىن رازى بولدىمىكىن؟»

سودىگەرنىڭ قىزى خۇرسەن بولۇپ سۆزلەپتۇ:

— مېنى مەلىكەم دېمەڭ، ئەكسىچە ماڭا مېھرىبان بەگ خوجا بولۇڭ، سىزنىڭكىدەك گۈزەل ھۆجرىلار، باغلارنى ئۆمرۈمدە كۆرگىنىم يوق. قانداقسىگە رازى بولماي؟

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋېرىپتۇ. ساھىبجامال قىز قەسىردە خاتىرجەم ياشاۋېرىپتۇ. يېڭى ـ يېڭى قىممەت باھا لىباسلار، شاھانە زىياپەتلەر بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئورمان ئىچىدە سەيلە قىلغىنىدا بولسا، دەرەخلەر ئۇنىڭغا يول ئېچىپ بېرىدىكەن. قىز كەشتىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلاپتۇ. تىككەن كەشتە بۇيۇملىرىدىن جان ئاتىسىغا، ئاچىلىرىغا سوۋغىلار ئەۋەتىپتۇ. ئەڭ چىرايلىقلىرىنى مېھرىبان خوجىسىغا تەقدىم ئېتىپتۇ. ئاشۇ تاملىرى ئاق مەرمەر بىلەن بېزەلگەن ھۆجرىغا پات ـ پات بېرىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. ئۆزى ئەڭ جازىبىدار سۆزلەرنى تىزىپ، ھۆجرىغا سۆزلەيدىكەنۇ، جاۋابىنى تامدىكى خەتتىن ئالىدىكەن.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قىز بۇ خىل ھاياتقا كۆنۈپمۇ قاپتۇ. قۇللار ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەييار، نېمىنى خالىسا بىرپەستىلا ئۇنى پەيدا قىلىشىدىكەن. ئۇ قەسىر ئىگىسىنى غايىبتىن ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى ھېس قىپتۇ. كۆڭلى سېزىپتۇكى، ئۇمۇ قىزنى شۇنداق قىزغىن سۆيىدىكەن. بۇلارنى تامغا يېزىلىدىغان ئوتلۇق مىسرالاردىنمۇ بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىكەن. ئەمدى قىز خوجىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ سۆھبەت قۇرۇشنى خالايدىغان بولۇپ قاپتۇ. خوجايىن بولسا قىزنىڭ بۇ ئىلتىماسىغا رازى بولمايدىكەن. ئۆزىنىڭ قوپال ئاۋازى بىلەن مەلىكىسىنى چۆچۈتۈپ قويۇشتىن قورقىدىكەن.

قىز ناھايىتى كۆپ يېلىنغاچقا خوجىسى نائىلاج ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىشكە كۆنۈپتۇ ۋە مەرمەر تامغا شۇنداق سۆزلەر يېزىلىپتۇ: «بۈگۈن كېچە يېشىل باغقا كېلىپ، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن

گۈللەر بىلەن ئورالغان ئايۋانىدا ئولتۇرغىن ۋە «سادىق قۇلۇم، مەن بىلەن سۆھبەتلەش، دەپ ئېيتقىن.»

قىز كېچىدە ئاشۇ جايغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ. يۈرىكى گويا قەپەستىكى قۇشتەك تېپىرلايدىكەن. ئۇ سۆز باشلاپتۇ:

— مېھرىبان خوجام، مېنى ئاۋازىڭىز بىلەن چۆچۈتۈۋېتىمەن دەپ ئويلىماڭ، سىزنىڭ شۇنچىلىك غەمخورلۇقىڭىز ئالدىدا مېنىڭ دەھشەتلىك يىرتقۇچنىڭ ھۆركىرىشىدىنمۇ چۆچۈمەيمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئايۋان ئارقىسىدىن ياۋايى، بوغۇق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. قىز ئاۋۋال تىترەپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، قورققىنىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپتۇ. مەخلۇقنىڭ ئاۋازى سەت بولسىمۇ گەپلىرى شۇنداق يېقىملىق بىلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قىز ھەر كۈنى شۇ يەرگە كېلىدىغان، سائەتلەپ خوجىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلايدىغان بوپتۇ.

— مېھرىبان خوجام، مۇشۇ يەردىمۇ سىز؟ — دەپ سورىشى بىلەنلا بىر خىل جاۋابنى ئاڭلايدىكەن:

— مۇشۇ يەردىمەن، گۈزەل خانىم. سادىق قۇلىڭىز، ئايرىلماس دوستىڭىز مۇشۇ يەردە.

قىز مەخلۇقنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازىدىن قورقمايدىغان، شېرىن سۆزلىرىنى ئېرىنمەي ئاڭلايدىغان بوپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىتلار ئۆتۈپ، مەخلۇقنىڭ ئۆزىنى كۆرۈشنى ئويلاپ قاپتۇ. بۇ ھەقتە كۆپ يېلىنىپتۇ. مەخلۇق ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىماپتۇ. سەت بەشىرىسى ئۇنى قورقىتىۋېتىشتىن ئەنسىرەيدىكەن.

— ئۆزۈڭنى كۆرسەت، دەپ سورىما گۈزىلىم، ئاۋازىمغا ئۆگىنىپ قالدىڭ، دوستانە مۇناسىۋىتىمىز داۋام قىلىۋاتىدۇ، مېنىڭ ساڭا بولغان ئوتتەك مۇھەببىتىمنىمۇ چۈشەندىڭ. ئەگەر مېنىڭ بەتبەشىرە قىياپىتىمنى كۆرسەڭ، مەن بەختسىز بولۇپ قالىمەن، مېنى تاشلاپ كەتسەڭ، ھىجرانىغا چىدىيالماي، ئۆلۈپ قېلىشىم مۇمكىن.

قىز بولسا مەخلۇقتىن يۈزىنى كۆرسىتىشنى قايتا ـ قايتا سورايدىكەن. دۇنيادىكى ئەڭ دەھشەتلىك نەرسىنى كۆرسىمۇ خوجىسىغا بولغان سۆيگۈسىدىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ يېلىنىۋېرىدىكەن.

— ئەگەر قېرى بولسىڭىز ماڭا بوۋا، ئوتتۇرا ياشلار بولسىڭىز تاغا بولۇڭ، ياش بولسىڭىز ئاتاق ئاكا دەي. ئۆلگۈچە ماڭا ۋاپالىق دوست بولۇپ قېلىڭ.

خېلىغىچە مەخلۇق بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سالماي يۈرۈپتۇ. لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا قىزنىڭ كۆز ياشلىرىغا چىدىماپتۇ.

— بوپتۇ، بەربىر سېنى ئۆزۈمدىنمۇ ئارتۇقراق سۆيىمەن، بىلىمەنكى، مېنى كۆرۈش بىلەنلا مۇھەببىتىمنى رەت قىلىسەن ۋە ھىجرانىڭدا تۈگىشىمەن. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، سېنىڭ ئىلتىماسىڭنى بەجا قىلىمەن. قاش قارايغاندا يېشىل باغقا كەل. قۇياش ئورمانلار ئارىسىغا مۆكۈنگىنىدە: «سادىق دوستۇم، ئۆزۈڭنى كۆرسەت» دېگىن. ئەمما يۈزۈمنى كۆرۈپ بۇ قەسىردە ياشىغۇڭ كەلمەي قالسا، سېنى مەجبۇرلاشقا ھەددىم ئەمەس. ئەسرا بولۇپ قىينىلىشىڭغا چىدىيالمايمەن. ھۇجرىدىكى ياتىقىڭدا، ياستۇقۇڭنىڭ تېگىدىن تىللا ئۈزۈكۈمنى تاپىسەن، ئۇنى ئوڭ قولۇڭنىڭ چىمەلتىكىگە تاقىساڭلا بولدى، ئاتاڭنىڭ يېنىدا بولىسەن ۋە مەن توغرىسىدا باشقا ھېچ نەرسە ئاڭلىمايسەن.»

قىز قورقماپتۇ. بىر دەقىقىمۇ ئىككىلەنمەي، يېشىل باغقا يول ئاپتۇ. قاش قارىيىپ، قۇياش ئورمانلار ئارىسىغا مۆككەندە:

— سادىق دوستۇم، ئۆزۈڭنى كۆرسەت، — دەپتۇ. شۇ پەيت يىراقتىن بەھەيۋەت مەخلۇق كۆ-

رونۇپتۇ. ئۇنى كۆرگەن قىز ئاھ ئۇرۇپ ۋارقىرۋېتىپتۇ ۋە ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. مەخلۇق ھەقىقەتەن تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن، قوللىرى قىڭغىر - سىڭغىر، پەنجىسى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭكىدەك، ئاياغلىرى ئاتنىڭكىدەك قوپال، تۆگىنىڭكىدەك لوككىسى بار، پۈتۈن بەدىنى يۇڭ بىلەن قاپلانغان، تارماق چىشلىرى ئاغزىدىن چىقىپ تۇرغان، بۇرنى بۇركۇتنىڭكىدەك، كۆز بولسا ھۆۋقۇشنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىكەن.

قىز بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ. ئۆزىنىڭ دېگەن سۆزىدە تۇرالماي قورقۇپ كەتكىنىدىن ئۆيلىنىپتۇ ۋە يەنە:

— مېھرىبان خوجام، مەن ئەمدى ھەرگىز قورقمايمەن ۋە سىزدىن ئايرىلمايمەن. ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئېسىمدىن چىقىرالىشىم مۇمكىن ئەمەس. تۈنجى قېتىم سەل چۆچۈپ كېتىپتىمەن، — دەپتۇ. مەخلۇق يەنە كۆرۈنۈپتۇ. ئەمما، قىزغا يېقىن كېلىشكە پېتىنالماپتۇ. ئۇلار يېرىم كېچىگىچە سۆھبەتتە بوپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ھەمىشە بىللە بولۇپ، باغ، ئورمانلاردا سەيلە قىلىشىپ يۈرىدىغان، قىزغىن سۆھبەتلەر بىلەن ۋاقىتنى خۇشال ئۆتكۈزۈشىدىغان بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىز چۈشىدە ئاتىسىنى ئاغرىپ يېتىپ قالغان ھالەتتە كۆرۈپ، ئەندىشىدىن يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇنى بۇ ئەھۋالدا كۆرگەن مەخلۇق نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. قىز چۈشىنى ئېيتىپتۇ ۋە ئاتىسى، ئاچىلىرىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئىجازەت تىلەپتۇ.

— مەندىن نېمىشقا رۇخسەت سورىغۇدەكسىز؟ بېرىۋېرىڭ، ئىختىيارىڭىز ئۆزىڭىزدە، — دەپتۇ مەخلۇق، — مېنىڭ تىللا ئۈزۈكۈم ياستۇقىڭىزنىڭ تېگىدە تۇرۇپتۇغۇ؟ تاقىسىڭىزلا ئاتىڭىزنىڭ يېنىدا بولىسىز. لېكىن، بىر نەرسە ئېسىڭىزدىن چىقمىسۇن، ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن قايتمىسىڭىز، مەن ئۆلىمەن. چۈنكى، سىزنى ئۆزۈمدىنمۇ چارە ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئايرىلىشقا چىدىيالمايمەن. سىزسىز ياشىيالمايمەن، — دەپتۇ.

قىز دېگەن ۋاقىتتا قايتىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپتۇ. ئۈزۈكنى تاقىغانىكەن، شۇ زامان ئاتىسىنىڭ ھويلىسىدا بولۇپ قاپتۇ. ئاچىلىرىنىڭ ئۇنىڭ شاھانە لىباسلىرىغا ھەۋىسى كەپتۇ. ئاتىسى سۆيۈملۈك كەنجى قىزىنى ئۆيلاۋېرىپ، راستتىنلا ئاغرىپ قالغانىكەن. ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. قىز مەخلۇقنىڭ سارىيىدىكى ھاياتىنى ئېقىتماي - تېمىتماي ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاتا بولسا قىزىنىڭ ئۇ بەتبەشىرە مەخلۇققا قانداق ئۆگەنگىنىدىن ھەيران قاپتۇ. ئەمما، ئۆزى ئۇنى ئەسلىسە ھېلىمۇ يۈرىكى ئارقىغا تارتىشىپ كېتىدىكەن. ئاچىلىرى سىڭلىسىنىڭ باياشات تۇرمۇشى ھەققىدە ئاڭلىغانسېرى ھەسەتلىرى قوزغىلىپتۇ. قىز ئۆيىگە كېلىپ بىرىنچى كۈنى بىر سائەتتەك، ئىككىنچى كۈنى بىر دەقىقىدەك ئۆتۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى قىزنىڭ ئاچىلىرى ئۇنى قايتىپ بارماسلىققا كۆندۈرۈشمەكچى بولۇشۇپ: «ئۆلسە ئۆلىۋەرسۇن، نېمە قىلىسەن قايتىپ» دېيىشىپتۇ. كەنجى قىز:

— ماڭا كۆرسەتكەن مېھىر - مۇرۇۋۋەتلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمىسەم، ئۆزۈممۇ ئۆلۈمگە لايىقمەن، — دەپتۇ. دانا قىزنىڭ بۇ سۆزلىرى ئاتىسىغا ماقۇل كەپتۇ. ئاچىلىرى بولسا ھەسەت ئوتىدا يېنىپ، بىر شۇملۇقنى ئويلىشىپتۇ. قىزنىڭ كېتەر مۇددىتىگە ئاز قالغاندا، ئۇلار ئۆيدىكى بارلىق سائەتلەرنى ئارقىغا سۈرۈپ قويۇشۇپتۇ. بۇنى ئاتىسىمۇ، خىزمەتكارلارمۇ بىلمەپتۇ.

ۋاقىت يېقىنلاشقانسېرى قىزنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، سائەتكە قاراۋېرىپتۇ، لېكىن ۋاقىت توشماپتۇ. ئاچىلىرى بولسا ھەدەپ ئۇنى گەپكە تۇتۇپ، كېچىكتۈرۈپتۇ. ئاخىر قىز چىدىماي،

ئاتىسى ۋە ئاچىلىرى بىلەن خەيرلىشىپتۇ. ئېيتىلغان مۇددەتكە بىر دەقىقە قالغاندا، ئۇلۇغ بارمىقىغا ئۈزۈكنى تاقاپتۇ. شۇ ھامان ئۆزىنى مەخلۇقنىڭ ئاپئاق تاملىق قەسرىدە كۆرۈپتۇ. ئەمما، ھەرقانچە چاقىرسىمۇ خوجىسى چىقماپتۇ. ئاخىر يىغلاشقا باشلاپتۇ:

— قەيەردە سىز، مېھرىبانىم، سادىق دوستۇم؟ مېنى نېمىشقا كۈتۈۋالمايسىز؟ دېگەن ۋاقىتتىن بىر سائەت بۇرۇن يېتىپ كەلدىمغۇ؟

يەنە سۈكۈت ... ھەتتا باغدىكى قۇشلارمۇ سايرىماپتۇ. فونتانلاردىن سۇ چىقماپتۇ. مۇزىكا ياڭرىماپتۇ. قىزنىڭ قەلبى بىر شۇملۇقنى ھېس قىلىپ، بارلىق ھۇجرا ۋە باغلارنى ئىزدەپ چىقىپتۇ. ئاخىر ھېلىقى چۇغلۇق گۈلى ئۆسۈپ تۇرىدىغان جايغا بېرىپتۇ. مەخلۇق شۇ يەردە گۈلنى چاڭگاللىغىنىچە ياتقۇدەك. قىز باشتا ئۇنى ئۇخلاپ قاپتۇ دەپ ئويلاپ، ئويغاتماقچى بوپتۇ. ئەمما ئۇ ئويغانماپتۇ. شۇ چاغدا مەخلۇقنىڭ يۈگلۈق قولىدىن تارتىپ بېقىپ، ئۆلگەنلىكىنى بىلىپتۇ.

قىزنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى ئايلانغاندەك بوپتۇ. ئاخىر يەرگە يۈكۈنۈپ مەخلۇقنىڭ بەتبەشىرە بېشىنى قۇچاقلىغىنىچە ئاھ ئۇرۇپتۇ:

— ئويغىنىڭ مېھرىبانىم، سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئەمدىلا دەپ توختىشىغا بىردىنلا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپتۇ، كۈچلۈك چاقماق چېقىپ، ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كەپتۇ. قىز ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۆزىگە كېلىپ قارىسا، قىممەت باھا تاشلار بىلەن بېزەلگەن ئاجايىپ بىر تەختتە ئولتۇرغانىكەن. يېنىدا بولسا ئۇنى تاج كىيگەن، زەرباب تونلۇق بىر شاھزادە — ياشقىنا بىر بەرنا يىگىت قۇچاقلاپ تۇرغۇدەك. ئاتىسى، ئاچىلىرىمۇ شۇ يەردە تەزىمدە ئېگىلىپ تۇرغانىكەن. خىزمەتكارلارنىڭ سان - سانىقى يوق ئىكەن. شاھزادە ئۇنىڭغا قاراپ دەپتۇ:

— مەن بەتبەشىرە مەخلۇق قىياپىتىدە بولساممۇ، ئوچۇق كۆڭلۈم ئۈچۈن مېنى سۆيدىڭىز، ئەمدى مېنىڭ مەھبۇبەم بولۇڭ. بۇرۇن بىر ئاچ كۆز خوتۇن ئاتامغا ھەسەت قىلىپ، جادۇگەر كەمپىرنى ئىشقا سېلىپ، مېنى سېھىرلەپ، بەتبەشىرە مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ تاشلىغانىدى. تاكى بىر گۈزەل قىز ئاشۇ قىياپىتىمدە مېنى ھەقىقىي سۆيۈپ، ماڭا تېگىشكە رازى بولغانغا قەدەر مۇشۇنداق يۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. قاچانكى شۇنداق ۋەقە يۈز بەرسە، ئۆز ئەسلىمگە قايتاتتىم. شۇنداق قىلىپ توپ - توغرا ئوتتۇز يىل ياشىدىم. مانا، سىز مېنىڭ ئاق كۆڭلۈم ئۈچۈن، پاك مۇھەببىتىم ئۈچۈن مېنى ھەقىقىي سۆيدىڭىز، ئەمدى مېنىڭ ۋاپالىق مەلىكەم بولسىڭىز ...

قىز جان دەپ قوشۇلۇپتۇ، سودىگەرمۇ رازىلىقى بىلەن كەنجى قىزى ۋە شاھزادىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. ھەممەيلەن بۇ بىر جۈپنى مۇبارەكلەپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز داغدۇغىلىق توي بوپتۇ. كۆپ ئۆتمەي قىز بىلەن شاھزادە پەرزەنتلىك بولۇپتۇ. ئۇلار شېرىن مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى سۈرۈپ كۈنلىرىنى خۇشال - خۇراملىقتا ئۆتكۈزۈشۈپ، بەخت ۋە باياشادلىق ئىچىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ياشاپتۇ.

(«جامىئۇل ھېكايەت» ناملىق چاغاتايچە قوليازمىغا ئاساسەن تەييارلاندى)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى گۇما ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# سېيىت ھاجى

(داستان)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەدتوختى ئەھمەد

توپلاپ رەتلىگۈچىدىن: 2008 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى، چىرا ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونى — نۇرى يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپنىڭ لايىھە ۋە يېزىچىلىق ئىشلىرىنى قىلىۋاتقىنىمدا، ئۈنئالغۇ لېنتىدا قالدۇرغان سېيىت ھاجى ھەققىدىكى قىسقا بىر پارچە داستان قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بېشىدا چىرىدا يۈز بېرىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىنى زىلزىلىگە سالغان «چىرا كەنتى ۋەقەسى»دىكى سەلبىي شەخس سېيىت ھاجىنىڭ كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان بۇ داستاننى نۇرى يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى ئاچما كەنتىدە ياشاپ، بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى 80 يېشىدا ۋاپات بولغان ئەلنەغمىچى موللا بارات دېگەن كىشى راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئورۇندىغان بولۇپ، داستاننىڭ تولۇق ۋارىيانتى (بولۇپمۇ باش قىسمى) تېپىلىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن ئىزدىنىپ كۆرگەن بولساممۇ، بىلىدىغانلار ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەچكە، ئىمكان بولمىدى. شۇڭا، قولۇمدىكىنى بولسىمۇ نەشرگە سۇنۇشنى، شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ داستاننىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى تارىخىي سەۋەبنى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردىمى بولار دېگەن مەقسەتتە، ئەينى ۋاقىتتا «چىرا كەنتى ۋەقەسى» دېگەن نامدا مەشھۇر بولغان



چىرا خەلقىنىڭ بىر مەيدان ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشى ۋە بۇ داستاندا تەسۋىرلەنگەن سېيىت ھاجى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىشنى زۆرۈر دەپ قارىدىم.

چىرا ناھىيىسى 1928 ـ يىلى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغانغا قەدەر كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق، تۇپرىقى مۇنبەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، بولۇپمۇ سودا، قول ـ سانائەت ئىشلىرى خېلى راۋاج تاپقان چوڭ بازار بولۇپ، بۇ يەرگە چەت ئەللىكلەر، جۈملىدىن چاررۇسىيە ۋە ھىندىستانلىق سودىگەرلەر دائىم كېلىپ سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1907 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا غەربچە كېيىنگەن 40 نەپچە ياشلاردىكى سېيىت ھاجى دېگەن كىشى چاررۇسىيە سودىگەرلىرىگە شاڭزۇڭ (سودىگەرلەر ئاقساقىلى) دېگەن نامدا ئەۋەتىلدى. چىرا ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان ۋە ئۇنىڭدا سەلبىي رول ئوينىغان كىشى ئەسلىدە خوتەنلىك سېيىت ئەھەت دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 15 — 16 ياش چاغلىرىدا ئۆزبېك سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ تاشكەنت، ئەنجان قاتارلىق جايلاردا تىجارەت قىلغاچ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان ھەمدە چاررۇسىيىنىڭ جاسۇسلۇق ئورگانلىرىدا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن. ئۇ چىرىغا كەلگەندىن كېيىن، توغراقئېغىل كەنتىنىڭ ئاق كۆل مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق باي سودىگەر ئابلىز قارىنىڭ قىزى بۇمەرىيەمخانغا ئۆيلىنىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان كۈندىن باشلاپ چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىگە كىرىشىپ كەتكەن. ئۇ بۇ يۇرتتا سۇ قىس بولغانلىقى ئۈستىگە، پۇقرالارنىڭ ساددا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال يەرلىك ئاھالىگە: «سىلەر ئەنجان پۇقراسى بولساڭلار سۇدىن خالىغانچە پايدىلىنىسىلەر، ھاشارغا چىقمايسىلەر، ھېچقانداق باج تاپشۇرمايسىلەر...» دېگەندەك بۆلگۈنچىلىك خاراكتېردىكى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتقان. ئۇنىڭ «ئەنجان پۇقراسى» دېگىنى ئەمەلىيەتتە چاررۇسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتۈشنى كۆرسىتەتتى. ئۇ ئالدانغان بىر قىسىم كىشىلەرگە قانۇنسىز ھالدا «پاسپورت» تارقىتىش بىلەن بىللە، چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىپ، «ئەنجان پۇقراسى» بولمىغانلارنى سودا ـ سېتىق ۋە سۇ ئىشلىرىدا يەكلىگەن، ھاقارەتلىگەن، گورۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇرغان، ھەتتا ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قانۇنسىز ئارىلاشقان. يىلدىن ـ يىلغا ئەۋج ئالغان بۇنداق قانۇنسىز قىلمىش يەرلىك ئاھالىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغانلىقتىن، 1912 ـ يىلى 2 ـ ئايدا توپا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق سوپۇرگە ئاخۇن باشچىلىقىدا 17 نەپەر كىشى مەسلىھەتلىشىپ، چىرا خەلقىگە ۋاكالىتەن دەسلەپ كېرىيە ئامبىلى شىن يۇڭچىڭغا، كېيىن خوتەن دوتىيى تاڭ يۇنجۇڭغا سېيىت ھاجىنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان بولسىمۇ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئەمەلدارلىرى چاررۇسىيىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ تەدبىر قوللانمىغان. لېكىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە سوپۇرگە ئاخۇن قاتارلىقلار بوشاشماي ھەرىكەت قىلىپ، ئاخىر قەشقەردىكى گېلاۋخۇيچىلار (قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى) نىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە بېيەن يۇڭفۇ، ۋېي دېشى باشچىلىقىدىكى گېلاۋخۇيچىلار شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەشقەر، جۇملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىۋالغانىدى. ئۇلار ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، چىرا خەلقىنىڭ ھەققانىي تەلىپىنى قوللاپ، يەكەندە تۇرۇشلۇق چېرىكچى ئامبال شۇن گاۋشېڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى جاۋ داشىڭنى سېيىت ھاجى دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن 50 نەپچە چېرىك بىلەن چىرىغا ئەۋەتكەن. ئۇلار 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چىرىغا كېلىپ، مەسىلىنى سۈرۈشتە بىلەن ھەل قىلىش مەقسىتىدە، سېيىت ھاجىنىڭ يېنىغا تەكرار ۋەكىل ئەۋەتكەن بولسىمۇ، سېيىت ھاجى بىر تۈركۈم قوراللىق گۇماشتىلىرى بىلەن ئابلىز قارىنىڭ قورۇسىغا بېكىنىۋېلىپ قارشىلاشقان. سېيىت ھاجى كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ساقلىنىنى قىرقىپ، ئاتلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ، ئۇرۇپ ـ تىللاپ ھەيدىۋېتىپلا قالماي، 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يەنە سۈرۈشتە ئۈچۈن بارغان ۋەكىللەردىن بولغان يەرلىك پۇقرا ئىسلامئاخۇننى قىلىچ بىلەن چېپىپ، گېلاۋخۇيچى جۇ شۇتاڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. بۇنىڭدىن غەزىپى ئۆرلىگەن سوپۇرگىئاخۇن باشچىلىقىدىكى يەرلىك ئاھالە گېلاۋخۇيچىلار بىلەن سېيىت ھاجىنىڭ ئۆيىسىغا شىددەت بىلەن

هۇجۇم قىلىپ قورشىۋالغان. بىراق، قورۇننىڭ تېمى مۇستەھكەم ۋە ئېگىز بولغاننىڭ ئۈستىگە، زامانىۋى قورالالار بىلەن قوراللانغان سېيىت ھاجى قاتارلىقلار ئوق ياغدۇرۇپ جاھىللارچە قارشىلىشىپ تۇرغاچقا، قورۇغا بۆسۈپ كىرىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغانلىقتىن، يەرلىك ئاھالە قوناق پاسىرى ۋە كەندىر شاخلىرىنى دۆۋىلەپ، سېيىت ھاجىنىڭ ئۆۋىسىگە ئوت قويۇۋەتكەن. بۇ ۋاقىتتا سېيىت ھاجى گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئايالچە ياسىنىپ قېچىپ قۇتۇلۇپ، گۇماشتىسى ھوشۇر سوقىچاقنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن پاناھلانغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت سەل پەسەيگەن پۇرسەتتە جاڭگالدىكى ئات باقارى سەيدىئەخمەتنىڭ قېشىغا بېرىۋالغان ۋە ئۇ يەردىن ئاتلىق يولغا چىقىپ، دەسلەپ خوتەنگە، كېيىن قەشقەرگە بېرىپ، چاررۇسىيە كونسۇلىغا ھال ئېيتقان.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەردە چىقىدىغان بىر قىسىم گېزىتلەردە تەقرىز ئېلان قىلىپ، چىرا خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى كەڭ تونۇشتۇرۇلغان، لېكىن، چاررۇسىيىنىڭ سان پېتىربۇرگ شەھىرى قاتارلىق بىر قىسىم جايلىرىدىكى گېزىتلەر ۋەقەنى بۇرمىلايدىغان خەۋەرلەرنى ئېلان قىلغان. نەتىجىدە «چىرا كەنتى ۋەقەسى» سۈيۈرگىئاخۇن نامى بىلەن بىر مەزگىل مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئاخبارات ئوبىيكتىغا ئايلانغان. بىراق، 1913 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق بېسىمى، ۋەتەن ساتقۇچ يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىنىڭ تىز پۈكۈشى بىلەن قەشقەردە ئادالەتسىز ئوچۇق سوت ئېچىپ، بۇ ۋەقە سۈيۈرگىئاخۇن، شۇن گاۋشىڭ قاتارلىق 30 نەپەر بىگۇناھ كىشىنىڭ ناھەق جازالىنىشى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان. تارىختا «چىرا كەنتى ۋەقەسى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ۋەقەنىڭ قىسقىچە جەريانى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.

مەن نەشرگە تەييارلىغان مەزكۇر داستاندا يۇقىرىقى ۋەقەلىك ئىچىدىن سېيىت ھاجىنىڭ ئايالچە ياسىنىپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىنكى كەچمىشلىرى قىسقىچە بايان قىلىنغان. شۇنىمۇ قەيت قىلىش زۆرۈركى، سېيىت ھاجىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى خۇسۇسىدا ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق ئىدى. بەزى ماتېرىياللاردا سېيىت ھاجىنىڭ چاررۇسىيىگە قايتقاندىن كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئاز - تولا ئۇچۇر بېرىلگەن بولسىمۇ، كىم تەرىپىدىن قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ھالبۇكى، مەزكۇر داستاندا، چاررۇسىيە جاسۇسى سېيىت ھاجىنىڭ چار پادشاھ تەرىپىدىن بىۋاسىتە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئەھۋال راست شۇنداق بولغانمۇ ياكى ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغىنى ئۈچۈن جاسۇسلۇق ئورگىنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنمۇ، بۇ بىزگە نامەلۇم. شۇڭا، خەلق ئارىسىدا بۇ ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولۇق داستانى تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىدتە، مەن ئۇچراتقان بۇ داستاننى بولسىمۇ ئۇچۇر ھېسابىدا نەشرگە سۇنۇشنى مۇۋاپىق تاپتىم. نەشرگە تەييارلاشتا خەلق ئىجادىنىڭ ئەينەكلىكلىكىنى چىقىش قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ۋەقە ھەم سۆز - ئىبارە، شېۋىنىڭ ئەينەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. قىسمەن سۆز - ئىبارىلەرگە ئاخىرىدا ئىزاھات بېرىلدى.

پەرەڭ[1] مىلتىق ئۆشنىدە[2]،
ئاتالمىغان سېيىت ھاجى.
بالانى تېرىپ قوياپ،
ياتالمىغان سېيىت ھاجى.
ناماز شامنىما قىلىپ،
ھويلا ئارقىسىنى تېشىپ،

مەزلىمچە ئەڭنىياغنى[3] كىشىپ[4]،
قىچىۋا كەتكەن سېيىت ھاجى.
بىر سائەتمۇ ماڭغاندا،
ئېزىقىپ كەتتى سېيىت ھاجى.
ئېزىقىپ شۇنداق ماڭغاندا،
كۆزىگە بىر يەردە ئوت كۆرۈنسە،
ھەريەردە ھەم بولسا ئاشۇ ئوت،
دۈشمەننىڭ ئوتىغىما ئوخشاپتۇ،
دەپقىنا ئىككى سائەت مېڭىپ،
ھوشۇر سۇقىچاقىنىڭ ئۆيىدە،
بوكونوپ[5] ياتتى سېيىت ھاجى.
ئىككى كۈنما ئۆتكەندە،
ئۇ يەردىن چىقىپ ئەمدى،
جاڭگالدا ئات باقىتقان[6]،
سەيدەخمەتنىڭ قېشىغا،
ئاران يەتتى سېيىت ھاجى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سەيدەخمەت،
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سېيىت ھاجىم.
— چېيىڭ بولسا چاي بەرگىن،
نېنىڭ بولسا نان بەرگىن،
دەپ تۇرغان زامانلاردا:
— ئۆيگە كىرىلى، سېيىت ھاجىم،
چەينەكتە چېيىم باتۇ[7]،
ساندۇقتا نېنىم باتۇ.
— ئۆيگە كىرسەڭ، سەيدەخمەت،
ئارقامدىن دۈشمەن كېلەدۇر،
ھەرخاپىلىق بولسا ساڭا يېتەدۇر،
دەپ تۇرغان زامانلاردا؛
قوللۇق قىلىپ سەيدەخمەت،
پەتنۇسقا ناننى ئېلىپ،
چەينەككە چاينى سېلىپ،
ئۇسسۇلۇقنى ئېپ چىقتى.
سېيىت ھاجى بۇنى كۆرەپ،

ئات تۆپسىدەغىنا تۇرۇپ،
تەشەككۇرنى قىپ بولاپ،
— ئۇن يەتتە يىلنىڭ بۇياندىستا[8]،
ئېتىم بولسا يېتىلەپدىڭ،
چېيىم بولسا قاينىتىپدىڭ،
رىزا بولغىن، سەيدەخمەت،
دەپ يانچۇقىغىما قول سېلىپ،
بەش سەر تەڭگىما ئېپ بەردى.
ئۇ يەردىن مېڭىپ ئەمدى،
كېچىنى كوندۇزگە ئۇلاپ،
ئۇلۇغئاش ۋاقتى[9] بولغاندا،
ئىلچىدا كۆردى ئۆزىنى.
يامۇل ئالدىغىما باردى،
دادخاھ ئالدىغىما باردى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خان دوتەي،
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سېيىت ھاجىم.
— ئۆلگەن ئاناڭنىڭ ھەققىدە،
ئۆلگەن داداڭنىڭ ھەققىدە،
بىر پاي ئوق تىلىگىلى كەلدىم.
دېدى شۇچاغ خان دوتەي:
— نېمە دەرد ـ ئەلەم يەتتى،
نېمە خاپا بولاپدىڭ؟
— چىراسۇن[10] دېگەن يۇرتتا،
ئالەمدىن بىخەۋەر ياتسام،
توپىلىق مېنە بىر بولاپ،
ئۆيلىرىمگە ئوت قويدى.
كالامۇللا ئوقۇيتقان[11]،
قىرىق دانە تالىپىم بېيدى،
ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈردى.
ئىككىغىنام بالام بېيدى[12]،
ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈردى.
بىرغىنام خوتۇنۇم بېيدى،
ئۇنى بىر تاياقتا ئۆلتۈردى.
ئىككىغىنام ئىنىسى بېيدى،

ئىككى پاي ئوقتا ئۆلتۈردى.
نەچچە بىرىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدىن
چىقىپ بولارمەن، خان دوتەي؟
بىر يامبۇغىما ئالغان،
شاش بايتال ئېتىم باتۇ،
مىنىپ چىكتەيمۇ[13] ئاغىنەم؟
دەپ تۇرغان زامانلاردا؛
ــ ئاشۇ يامبۇغا نەخ ئالغان،
قارا بوز بايتالمۇ باتۇ، دەپ،
ئېتىنى جابدۇپ ئەكىشىپ[14] بەردى.
نەچچە كېچە ـ كۈندۈز ماڭغاندا،
قەشقەرگە باردى سېيىت ھاجى.
يامۇل ئالدىغا كېلىپ،
دوتەي ئالدىغا كىشىپ:
ــ ئۆلگەن ئاناڭنىڭ ھەققىدە،
ئۆلگەن داداڭنىڭ ھەققىدە.
بىر پاي ئوق تىلىگىلى كەلدىم،
دەپ تۇرغان زامانلاردا؛
ــ ئاسماندىن چۈشتىڭمۇ، ئاغىنەم،
يەردىن ئۈندىڭمۇ، ئاغىنەم؟
دەپ تۇرغان زامانلاردا؛
ــ ئاسماندىن چۈشمىدىم، ئاغىنەم،
يەردىن ئۈنمىدىم، ئاغىنەم؟
چىرا سۈن دېگەن يۇرتتا،
ئالەمدىن بىخەۋەر ياتسام،
توپىلىق مىنە بىر بولاپ،
ئۆيلىرىمگە ئوت قويدى.
كالامۇللا ئوقۇيتتقان،
قىرىق دانە تالىپىم بېيدى،
ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈردى.
ئىككىغىنام بالام بېيدى،
ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈردى.
بىرغىنام خوتۇنۇم بېيدى،
ئۇنى بىر تاياقتا ئۆلتۈردى.
ئىككىغىنام ئىنىسى بېيدى،
ئىككى پاي ئوقتا ئۆلتۈردى.
نەچچە بىرىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدىن
چىقىپ بولارمەن، خان دوتەي؟
دەپ تۇرغان زامانلاردا؛
ــ بىر كېچە ـ كۈندۈزما توختاڭ،
ئەنجانغا چىكتىڭ، ئاغىنەم،
دەپ تۇرغان زامانلاردا؛
ــ قارا بوز بايتىلىم باتۇ،
مىنىپ چىكتەي ئاغىنەم،
دەپ تۇرغان زامانلاردا؛
نامازشامنىما قىپ بولاپ،
يولغا سېلىپمۇ قويدى.
نەچچە مەنزىل يول مېڭىپ،
ئەنجانغا باردى سېيىت ھاجى.
سېيىت ھاجىنىڭ ئىككى ئىنىسى بېيدى،
ــ ئاكام كەلدى ئانكا، دەپ،
شۇنداق دېگەن زامانلاردا؛
ئانىسى: ــ تولا يىغلاپ،
كۆزۈم تېشىلەي دەپتىكەن.
چاقچاق ئەتمەڭ، بالىلىرىم،
ئون يەتتە يىلنىڭ بۇياندىستا،
نەدە ئۆلەپ[15] قالغانتۇ[16]؟
دەپ تۇرغان زامانلاردا؛
سېيىت ھاجى كىشىپ ئەمدى:
ــ ئابدان تۇلۇلمۇ[17]، ئانكا[18]،
ئابدان[19] تۇلۇلمۇ ئانكا؟ ــ دەپ،
ئانىسى بىلەن كۆرۈشەپ[20]،
بىر كېچە ـ كۈندۈزما تۇرۇپ:
ــ ئاق پاشا بىلەن كۆرۈشەپ كېلەي،
دەپقىنامغىنا ماڭغاندا؛
ئانىسى مىنە يىغلاپ،
ئىككى ئىنىسگە قالاپ[21]:
ــ بىللە بېرىڭ، بالىلىرىم،
دەپ بىللە ئۈزىتىپ قويدى.
سېيىت ھاجى تولا مېڭىپ،
ئاق پاشا ئالدىغا بېرىپ،
دېدى قىلىپ تاماشا:
ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاق پاشا!
ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سېيىت ھاجىم.

خۇش ئابدان چاغدىما كېلىپسىز،
پادىشالىقنىما سىز قىلىڭ.
بويىغا يەتكەن ئىككى قىزىم بار،
خالاپ بىرىنىما ئېلىڭ،
دەپ تۇرغان زامانلاردا؛
سېيىت هاجى تۇرۇپ مۇنداق:
— پادىشالىقنىڭ لازىمى يوق،
قىزىڭنىڭمۇ لازىمى يوق.
ئۆلگەن ئاناڭنىڭ ھەققىدە،
ئۆلگەن داداڭنىڭ ھەققىدە،
بىر پاي ئوق تىلىگىلى كەلدىم.
دەپ تۇرغان زامانلاردا؛
ئاق پاششا مىنە ئاچچىقلاپ:
— قېنى جاللات ! — دەپ قىچقىرىپ،
سېيىت هاجىنى ئېتىۋاتتى.
ئىككى ئىنىسى قالاپ تۇرۇپ:
— جېنىمغىنا ئاق پاششا،
ئاكامنى ئېتىۋاتتىڭىز،
نېمە گۇنا قوياپ ئاتتىڭىز؟


دەپ تۇرغان زامانلەردە؛
ئاق پاششا مىنە ئاچچىقلاپ،
جاللاتنىما ئېتىۋاتتى.
ئىككى ئىنىسى يېنىغا كېلىپ،
ئاكىسىنى يۇپ[22] — تاراپ،
يەرلىكتىما ھەم قوياپ،
يولدا كەلگۇچە ئەمدى:
— ئانىكامغا نېمە دەرىمىز؟
دەپ تۇرغان زامانلاردا؛
— يالغان ئېيتىلى، جانىم ئاكا،
ئانىكام بېھۇش بولۇپ كېتەر،
يۈرىكى يېرىلىپ كېتەر.
ئاكامنىما ئاق پاششا،
ئولتۇرغۇزۇپ قېشىدا،
خۇشقىنا ئابدان كېلىپسىز،
پادىشالىق قىلىڭ، دەپ،
ئېلىپ قالدى دەپ كىشىلى،
دەپ يېنىپقىنا كەلدى.

ئىزاھاتلار:

① پەرەڭ — ياۋروپا ئەللىرى.
② ئۆشنىدە — مۇرىسىدە.
③ مەزلىمچە ئەڭنىياغ — ئايالچە كىيىم.
④ كىشىپ — 1. كىيىپ؛ 2. كىرىپ.
⑤ بۇكۇنۇپ — مۆكۈپ.
⑥ باقىتقان — باقىدىغان.
⑦ باتۇ — باردۇر.
⑧ بۇيانقىستا — بۇيانىدا.
⑨ ئۇلۇغ ئاش ۋاقتى — ئەتىگەن كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغ.
⑩ چىراسۇن — چىرا كەنتى.
⑪ ئوقۇيتقان — ئوقۇيدىغان.
⑫ بېيدى — بار ئىدى.
⑬ چىكىتەيمۇ — چىقىپ كېتەمۇ.
⑭ ئەكىشىپ — ئەكىرىپ
⑮ ئۆلەپ — ئۆلۈپ.
⑯ قالغانتۇ — قالغاندۇ.
⑰ تۇللىمۇ — تۇردىلىمۇ.
⑱ ئانىكا — ئانا
⑲ ئابدان — ئوبدان.
⑳ كۆرۈشەپ — كۆرۈشۈپ.
㉑ قالاپ — قاراپ.
㉒ يۇپ — يۇيۇپ.


(توپلاپ رەتلىگۈچى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)





«مەئلۇماتۇل - ئافاق» ناملىق كىتابنىڭ قولىيازمىسىدىن ئېلىنغان سۈرەتلەر

81-402




# 源 泉 (布拉克)

# بۇلاق

(维 吾 尔 文)　总130期

«قوش ئايلىق ژۇرنال» نومۇرى 130 - سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明　副主编: 买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:7.50元
广告经营许可证号: 6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108　باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043